چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# تىرىلىش

تولستوي [رۇسىيە]



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت- فوتو سۈرەت نەشرىياتى

چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# تىرىلىش

## تولستوي [رۇسىيە]

تەرجىمە قىلغۇچى: غوپۇر ھوشۇر نىيازى



**图书在版编目（C I P）数据**

复活/(俄罗斯)托尔斯泰(Tolstoy, L. N.)著;山宝改编;吾甫尔·吾守尔尼亚孜译.—乌鲁木齐:新疆美术摄影出版社,2006.5

ISBN 7-80658-922-8

Ⅰ.复... Ⅱ.①托... ②山... ③吾... Ⅲ.长篇小说—俄罗斯—近代—编写本—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I512.44

中国版本图书馆CIP数据核字(2006)第037209号

بۇ كىتاب جۇڭگو بالىلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ 2000 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# تىرىلىش

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك
شىركىتىدە بەت ياسالدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
2006 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2006 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
فورماتى: 787 × 970mm 1/ 32؛ باسما تاۋىقى: 7.25
ISBN 7 – 80658 – 922 – 8
باھاسى: 7. 50 يۈەن

本书根据中国少年儿童出版社 2000 年 12 月第 1 版第 1 次印刷版本翻译出版。

责任编辑：茹鲜古丽·吐尔逊

美术编辑：阿扎提·巴拉提
叶尔江·铁流

责任校对：穆巴拉克·阿帕尔
艾比布拉．艾力

审　　订：亚森·吾不力哈斯木
吐尔洪江·苏里坦

世界经典文学作品赏析

复　活（维文）

吾甫尔·吾守尔尼亚孜　译

---

新疆美术摄影出版社出版
新疆新华书店发行
新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司制版
新疆新华印刷厂印刷
2006 年 5 月第 1 版　2006 年 5 月第 1 次印刷
开本：787×970 毫米　1/32　印张：7.25
ISBN 7-80658-922-8

---

定价：7.50 元
如遇质量问题请与新疆美术摄影出版社出版科联系
电话：0991-4521461

# ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

لېۋ نىكولايېۋىچ تولستوي (1828 — 1910) 19 ـ ئەسىردە ئۆتكەن رۇسىيىلىك ئەڭ ئۇلۇغ يازغۇچى. ئۇ رۇسىيىنىڭ تۇرا ئۆلكىسىدىكى ياسنايا بوليانا قورۇقىدا بىر چوڭ ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئاتا ـ ئانىسى بالدۇرلا ئۆلۈپ كەتكەنلىكتىن، ئۇ ھاممىسىنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولغان ۋە ناھايىتى زور دەرىجىدە، ھاممىسىنىڭ بىلىندۇرمەي تەسىر كۆرسىتىشى ئارقىسىدا پۈتكۈل ھاياتىدا ئىنسانپەرۋەرلىك روھىغا ئىگە، ئىخلاسمەن دىن مۇرىتلىرىدىن بولۇپ يېتىلگەن.

تولستوينىڭ بالىلىق چاغلىرىدا قوبۇل قىلغىنى تىپىك ئاقسۆڭەكلەرچە تەربىيىدىن ئىبارەت. ئۇ، 1844 ـ يىلى قازان ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ رۇسسو، مونتېسكيۇ قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر مۇتەپەككۇرلارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان. مەكتەپنىڭ شەكىلۋازلارچە تەربىيىسىدىن ھەم روسىيە تۇرمۇشىدىكى قويۇق مۇستەبىتلىك ۋە قۇلچىلىق كەيپىياتىدىن نارازى بولغاچقا، 1847 ـ يىلى ئوقۇشتىن چېكىنىپ يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ خوجىلىق زېمىنىدا يانچىلىق

تۈزۈمنى ئىسلاھ قىلىش سىنىقى ئېلىپ بارغان، بىراق ئىسلاھات مەغلۇپ بولغان.

1851 — 1854 ـ يىللىرى تولستوي كافكازدا ھەربىي خىزمەت ئۆتىگەن ھەمدە يېزىقچىلىقنى باشلىغان، 1854 — 1855 ـ يىللىرى قىرىم ئۇرۇشىغا قاتناشقان. بىر قانچە يىللىق ھەربىي تۇرمۇش ھاياتى ئۇنىڭغا يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ چىرىكلىكىنى كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى كېيىنكى غايەت زور ئەسىرى «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» تا ئۇرۇش مەيدانلىرىنى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلىشى ئۈچۈنمۇ ئاساس سېلىپ بەرگەن. 1855 ـ يىلى 11 ـ ئايدا تولستوي پېتربۇرگقا كېلىپ ئەدەبىيات ساھەسىگە كىرىدۇ. ئۇنىڭ داڭقىنى چىقارغان ئەسەرلىرىدىن تەرجىمىھال خاراكتېرىدىكى «بالىلىق دەۋر» (1855 ـ يىل)، «ئۆسمۈرلۈك دەۋر» (1857 ـ يىل) ناملىق رومانلىرى ۋە «بىر پومېشچىكنىڭ سەھىرى» (1856 ـ يىل) ناملىق ھېكايىسى بار بولۇپ، بۇ ئەسەرلەر ئۇنىڭ ئاقسۆڭەكلەر تۇرمۇشىغا بولغان تەنقىدىي پوزىتسىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

1857 ـ ۋە 1860 ـ يىلى تولستوي ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم غەربىي ياۋروپاغا سەپەر قىلىپ، فرانسىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيەلەردە زىيارەتتە بولىدۇ. ئەمما كاپىتالىستىك جەمئىيەتتىكى قاتمۇقات زىددىيەتلەر ۋە قىپيالىڭاچ پۇل ھۆكۈمرانلىقى تۇپەيلىدىن،

ئۈممىدسىزلىنىپ قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ كىشىلەرگە «-
مەڭگۈلۈك دىنىي ھەقىقەتلەر» بويىچە ياشاش ۋە ئاقسۆ-
ڭەكلەرنى «پۇقرالاشتۇرۇش» نى تەشەببۇس قىلىدۇ، بۇ
كۆز - قاراشلار ئۇنىڭ ھېكايىسى «ليۇسىم» (1857 —
يىل) ۋە پوۋېستى «كازاك» (1852 — 1862 — يىللار) تا
ئەكس ئېتىدۇ.

19 -ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىن 60 - يىللىرىنىڭ
باشلىرىغىچە بولغان ۋاقىت تولستوي ئىجادىيىتىنىڭ
دەسلەپكى دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋردە تولستوي پۈ-
تۈنلەي ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ، بىر
تەرەپتىن، يانچىلىق تۈزۈمىدىن نارازى بولىدۇ. پومېش-
چىكلار بىلەن دېھقانلارنىڭ قاراشلىشىشىدىن خاتىر-
جەمسىزلىنىدۇ، بىر تەرەپتىن، زوراۋانلىق كۈچ بىلەن
ئىنقىلاب قىلىشقىمۇ قارشى تۇرىدۇ، «ئەخلاقىي جەھەتتە
ئۆز - ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ»، روسىيە ئۈچۈن بىر
غايىۋى يول تېپىش ئارقىلىق، كاپىتالىستىك ئېكسپې-
لاتاتسىيىدىن ۋە يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان پرولې-
تارىيات ئىنقىلابىدىن ساقلىنىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇن-
داق تۈپ ئىدىيە ئۇنىڭ كېيىنكى پۈتكۈل ھاياتىغا ۋە
ئىجادىيىتىگە سىڭىپ كەتكەن.

19 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدىن
70 - يىللىرىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ۋاقىت تولستوي-
نىڭ دۇنيا قارىشى ۋە ئىجادىيىتىنىڭ پىشىپ يېتىلگەن

مەزگىلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلىرى «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» ۋە «ئاننا كارىنىنا» دىن ئىبارەت.

1863 ـ يىلىدىن 1869 ـ يىلىغىچە تولستوي زور ھەجىملىك تارىخىي رومان — «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» نى يېزىپ چىقتى، بۇ — ئۇنىڭ ئىجادىيەت مۇساپىسىدىكى بىرىنچى نامايەندە. رومانىنىڭ قۇرۇلمىسى زور، پېرسو- ناژلىرى كۆپ، تىپىك ئوبرازلار جانلىق، مۇكەممەل بو- لۇپ، ئۇ، تارىخىي داستان ۋە يىلنامە ئالاھىدىلىكىگە ئىگە چوڭ ھەجىملىك كاتتا ئەسەر.

1873 ـ يىلىدىن 1877 ـ يىلىغىچە ئۇ ئون ئىككى قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئارقىلىق ئىككىنچى نا- مايەندە خاراكتېرىدىكى كاتتا ئەسىرى — «ئاننا كارىنىنا» نى يېزىپ تاماملىدى، بۇ ئەسەر بەدىئىيلىكتە كامالەتكە يەتكەن ئەسەردۇر.

19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدىن 20 ـ ئە سىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ۋاقىت تولستوي ئى- جادىيىتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ. ئەينى چاغلاردا رۇسىيىدىكى ھەر خىل ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر مىسلىسىز كەسكىنلەشكەن بولۇپ، پۈتكۈل رۇسىيە بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ ھارپىسىدا تۇرۇۋاتات- تى. جىددىي ئۆزگىرىۋاتقان جەمئىيەتنى چوڭقۇرلاپ تەكشۈرۈش، پەلسەپە، دىن، ئەخلاق ۋە ئىبتىكىغا دائىر

مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، تولستوينىڭ دۇنيا قارىشىدا ئاقسۆڭەك پومېشچىكتىن پاترىئارخال دېھقانغا قاراپ جىددىي بۇرۇلۇش يۈز بەردى. ئۇنىڭ بۇ دەۋردىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرى كو-مېدىيە «قارا كۈچلەر» (1886 ـ يىل)، پوۋېست «ئىۋان ئىلئىچنىڭ ئۆلۈمى» (1886 ـ يىل)، «ھاجى مۇرات» (1886 — 1904 ـ يىللار)، رومان — «تىرىلىش» (1889 ـ يىل) تىن ئىبارەت.

تولستوي ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئاددىي پۇقراچە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە تىرىشىپ، پەرھىز تۇتۇپ گۆشسىز تاماق يەيدۇ، جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇ-غۇللىنىپ، يەر ئاغدۇرىدۇ، سۇ توشۇيدۇ، كۆكتات سۇ-غىرىدۇ، موزدۇزلۇق قىلىدۇ ھەمدە خۇسۇسىي مال ـ مۈلكىدىن ۋە ئاقسۆڭەكلىك ئىمتىيازىدىن ۋاز كېچىش-نى ئارزۇ قىلىدۇ، شۇ تۈپەيلىدىن ئائىلە بىلەن پىكىر ئىختىلاپى تۇغۇلۇپ، ئائىلە مۇناسىۋىتى يىرىكلىشىپ قالىدۇ. 1910 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، ئۇ ئائىلىسىدىن ھېچ-كىمگە ئۇقتۇرماي چىقىپ كېتىپ، يول ئۈستىدە ئۆپكە ياللۇغىغا گىرىپتار بولۇپ، 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئاستاپوۋ دېگەن پويىز ئىستانسىسىدا ۋاپات بولىدۇ، ئۇ شۇ يىلى 82 ياشتا ئىدى.

# بىرىنچى قىسىم

## 1

باھار كەلدى. نەچچە يۈز مىڭلىغان ئاھالىسى بار بۇ كىچىك شەھەردە ئادەملەر ئۆزلىرى ماكان قىلغان ئانا تەبىئەتنى بۇزۇپ تونۇغۇسىز قىلىۋېتىشكەن بولسىمۇ، باھار يەنىلا ئۆز قەرەلىدە يېتىپ كەلدى. قۇياش نۇرى گويا ئانىنىڭ ئىللىق ۋە يۇمران قولىدەك تەبىئەتنى سىلاشقا باشلىدى. ئوت ـ چۆپلەر قايتا كۆكەردى، ھەتتا تاشلارنىڭ يېرىقلىرىدىنمۇ قەيسىرانە ئۇنۇپ چىقتى....

بىراق، باھار تۇرمىنىڭ ئېگىز تاملىرىدىن ھالقىپ ئۆتەلمىدى.

بۈگۈن — 28 ـ ئاپرېل ئۈچ نەپەر جىنايەتچى سوتتا سوتلىنىدىغان كۈن. ئۇلار بىر ئەر، ئىككى ئايال، ئايال ـ لارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئاساسىي جىنايەتچى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئايرىم يالاپ ئېلىنىپ كېلىنىشى لازىم ئىدى. باش نازارەتچى بۇيرۇققا بىنائەن ئايال نازارەتچىنى ئېلىپ سولاقخانىنىڭ ئاياللار تۇرىدىغان قاراڭغۇ ۋە سېسىق كارىدورىغا كىردى.

نازارەتچى شاراق ـ شۇرۇق قىلىپ تۆمۈر قۇلۇپقا

ئاچقۇچ سالدى ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ:
— ماسلوۋا، سوتقا! — دەپ ۋارقىرىدى. ئىشىك ئې-
چىلىشى بىلەن كامېردىن كارىدوردىكىدىنمۇ بەتتەررەك
سېسىق پۇراق دىماغقا گۇپپىدە ئۇرۇلدى. شۇڭا ئۇ ئى-
شىكنى يېڭىۋاشتىن يېپىپ قويۇپ، ساقلاپ تۇردى.
كامېردىن ئالدىراش ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىق ئاۋاز-
لىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بىر - ئىككى مىنۇتتىن
كېيىن، ئاق كوپتا بىلەن ئاق يوپكىنىڭ ئۈستىگە كۇل
رەڭ پەلتو كىيگەن، بېشىغا ئاق ياغلىق چىگكەن ئوت-
تۇرا بوي، كۆكرىكى تولۇق كەلگەن ياش ئايال چىقىپ
كەلدى، كىشىلەرنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. ئەتەي
بولسا كېرەك، ئەتىمالىم، ئۇ بىرنەچچە تۇتام قاپقارا بۇ-
دۇر چېچىنى روملىنىڭ تېگىدىن چىقىرىپ قويغاندى.
دى. ئايالنىڭ چىرايىدىكى ئۇزاق ۋاقىت تۇرمىدە ياتقان
كىشىلەرنىڭ چىرايىدىلا بولىدىغان ئالاھىدە بۇزغۇنلۇق
كىشىگە ئورىلاردا تۇرۇۋېرىپ كۆكلەپ كەتكەن ياڭيۇنىڭ
بىخلىرىنى ئەسلىتەتتى. يۈزىدە، بولۇپمۇ چىرايىنىڭ
تولىمۇ سولغۇن ۋە بۇزغۇنلۇقىدىن تېخىمۇ قارا، تېخى-
مۇ نۇرلۇق كۆرۈنىدىغان، سەل ھوۋۇققان، لېكىن ئاجا-
يىپ شوخ، بىرى بىلىنەر - بىلىنمەس ئەلەس كەلگەن
كۆزلىرى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتاتتى..... نازارەتچى
كامېرنىڭ ئىشىكىنى ياپقىلىۋاتقاندا، ئىشىكتە بىر مو-
مايىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى تاتىرىپ كەتكەن ۋە قورۇق

باسقان سولغۇن چىرايى كۆرۈندى. نازارەتچى مومايىنىڭ بېشىنى ئىشىك بىلەن ئىتتىرىۋىدى، كامىردىن ئاياللارنىڭ كۈلكە ساداسى ياڭرىدى. بىراق موماي جاھىللىق بىلەن روجەككە چاپلىشىپ:

— بىر گەپتە چىڭ تۇر، — دېدى بوغۇق ئاۋاز بىلەن.

ماسلوۋا باش نازارەتچىگە ئەگىشىپ بىنادىن چۈشتى ۋە ئاياللار كامىرىدىنمۇ بەكرەك سېسىق، چۈقان - سۈرەنلىك ئەرلەر كامىرىنىڭ يېنىدىن ئۆتتى. ھاۋا ئۆتتۇشىدىغان كۆزنەكلەردىن تەلمۈرۈپ تۇرغان سان - ساناقسىز كۆزلەر ئۇلارنىڭ كەينىدىن قاراپ قېلىشۋەردى، ئۇلار ئىشخانىغا كىردى. ئىشخانىدا يالاپ ئېلىپ ماڭىدىغان ئىككى ساقچى مىلتىق تۇتۇپ تۇراتتى. ئىشخانا كاتىپى تاماكا ھىدى سىڭىپ كەتكەن بىر ئالاقىنى ھېلىقى ساقچىلاردىن بىرىگە بېرىپ:

— بۇنى ئېلىپ كېتىڭلار، — دېدى ماسلوۋانى كۆرسىتىپ.

كوچىدىكى يولۇچىلار ئالايتەن توختاپ ماسلوۋاغا قىزىقىپ قارىشاتتى. بالىلارمۇ بۇ ئايالغا ئاجايىپ بىر ۋەھىمە بىلەن قارىشاتتى. ئۇلار بۇ چوقۇم بىر قاراقچى ئايال بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قېلىشقان بولۇشى مۇمكىن....

ھەممىلەننىڭ كۆزى ئۆزىگە تىكىلگەنلىكىنى

سەزگەن ماسلوۋا ئۇلارغا پىسەنت قىلماي، ئەكسىچە پىنھان شادلاندى.

ماسلوۋا ئۇن دۈكىنىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋې-تىپ، ھېچكىم چېقىلمىغاچقا ئەركىن - بىمالال دانلا-ۋاتقان كەپتەرلەردىن بىرىنى دەسسىۋالغىلى قىل قالدى. ئۇ بىر كۆكۈش كەپتەر ئىدى. ئۇ كەپتەر پۇررىدە يۇقى-رى كۆتۈرۈلۈپ، ماسلوۋانىڭ قۇلىقىنىڭ تۇۋىدىنلا ئۇ-چۇپ ئۆتۈپ كەتتى، ھەتتا ئۇنىڭ قاناتلىرىنىڭ شامىلى ماسلوۋانىڭ يۈزىنى يەلپۈپمۇ قويدى. ئۇ مىيىقىدا كۈل-دى، لېكىن شۇئان ئۆزىنىڭ شۇ تاپتىكى ھالىتىنى ئەسلەپ ئېغىر خورسىنىپ قويدى.

## 2

ماسلوۋا بىر يانچى ئايالنىڭ نىكاھسىز تۇغۇلغان قىزى بولۇپ، ئۇنىڭ ئانىسى چارۋا - ماللارغا قارايدىغان مومىسى بىلەن بىللە سەھرادا ئاچا - سىڭىل بىر جۈپ زېمىندار قېرى قىزنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى. ماسلوۋا تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ئانىسى بەش بالا تۇغقا-نىدى، ئۇلارنىڭ بىرىمۇ ئەي بولمىدى. ئۇنىڭ بىر يو-لۇچى سىگاندىن نىكاھسىز تۇغۇلغان ئالتىنچى بالىسى دەل ماسلوۋا ئىدى، ماسلوۋانىڭ تەقدىرىمۇ يۇقىرىقىدەك بولغان بولاتتى، لېكىن شۇ ئارىدا كۈتۈلمىگەن يەردىن

مۇنداق بىر ئىش يۈز بەردى، يەنى بىر كۈنى ئىككى قىيرى قىزنىڭ بىرى قايماقتىن ھەمىشە ئىنەكنىڭ ھىدى پۇراپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، مالچى ئاياللارنى جىمىلەپ قويۇش ئۈچۈن مال قوتىنىغا كىرىپ قالدى ـ دە، بىر تۇغۇتلۇق ئاياالنىڭ بوۋىقى بىلەن بۇ يەردە ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى، ئۇ بوۋاق ناھايىتى چىرايلىق ئىدى. بوۋاققا مېھرى چۈشۈپ قالغان قىيرى قىز ئۇنىڭغا تەربىيىچى ئانا بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. كېيىن، دېگەندەكلا ئۇ، قىزچاقنى چوقۇندۇر-دى ۋە ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، داۋاملىق ئۇنىڭ ئانىسىغا سۈت ۋە پۇل ئەۋەتىپ تۇردى. شۇنداق قىلىپ قىزچاق ھايات قالدى.

قىزچاق ئۈچ ياشقا كىرگەن يىلى ئۇنىڭ ئانىسى ئاغرىپ ئۆلۈپ كەتتى. مال ـ ۋارانغا قارايدىغان مومىسى نەۋرىسىگە قاراشقا يېتىشەلمىگەچكە، قىيرى قىزلار ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىگە ئەكېلىۋالدى. قاپقارا قوي كۆزلۈك بۇ قىزچاق تولىمۇ تېتىك ۋە يېقىملىق بولغاچقا، قىيرى قىزلار ئۇنى ئۆزلىرىگە مەلىكە قىلىۋېلىشتى.

قىيرى قىزلار ئاچا ـ سىڭىل ئىدى. كىچىكى — سوفىيە ئىۋانوۋنانىڭ كۆڭلى يۇمشاقراق بولۇپ، ئەينى چاغدا ماسلوۋا ھايات ساقلاپ قالغانمۇ شۇ ئىدى. چو-ڭى — مارىيە ئىۋانوۋنانىڭ باغرى قاتتىقراق ئىدى. سو-فىيە ماسلوۋانى ئۆزىنىڭ بېقىۋالغان قىزى

قىلىشۋالماقچىمۇ بولغانىدى. بىراق مارىيە ئىۋانوۋنا ئۇنى ئۆي خىزمەتكارى، كۆتكۈچى قىز قىلىشۋېلىپ، بىر ئىشى دىتىغا ياقماي قالسا، قىزچاقتىن ئاچچىقىنى چىقارماقچى بولاتتى. شۇنداق قىلىپ مۇشۇنداق تۆپتىن ئوخشاشمىغان ئىككى خىل تەسىر ئاستىدا چوڭ بولغان بىچارە قىز يېرىم ئۆي خىزمەتكارى، يېرىم تەربىيىلەن-گۈچى قىز بولۇپ قالدى. ئۇنى چاقىرغاندىمۇ كەمسى-تىش خاراكتېرىنى ئالغان «كاتكا» دېگەن ئىسىم بى-لەنمۇ ئەمەس، ئەزىزلەش خاراكتېرىنى ئالغان «كاتىنكا» دېگەن ئىسىم بىلەنمۇ ئەمەس، بەلكى رۇسلار ئىچىدىكى ئەڭ ئاددىي بىر ئىسىم بىلەن «كاتيۇشا» دەپ چاقىرى-شاتتى. ئۇ يېنىكرەك ئىشلارنىمۇ قىلاتتى، ئىككى خو-جايىنغا كىتاب ئوقۇپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ۋاقىت ئۆتكۈ-زۈشىنى ئىمكانىيەت بىلەنمۇ تەمىن ئېتەتتى.

ئۇ ئون ئالتە ياشقا كىرگۈچە شۇنداق تۇرمۇش كە-چۈرۈۋەردى. ئۇ ئون ئالتە ياشقا كىرگەن يىلى، ئۇلار-نىڭكىگە ئىككى قېرى قىزنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى كەلدى، ئۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، شۇنداقلا تولىمۇ باي كىنەز ئىدى. كاتيۇشا ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدى. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەندە، ھېلىقى يىگىت ئۇرۇشقا كېتىۋېتىپ، بىر نەۋرە ھەدىلىرىنىڭكىدە تۆت كۈن تۇردى. ماڭىدىغان كۈنىنىڭ ئالدىنقى كېچىسى ئۇ كات-يۇشانى ئازدۇردى ــ دە، ئەتىسى ئۇ كاتيۇشاغا يۈز

رۇبلىلىق قەغەز پۇلدىن بىرنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ كېتىپ قالدى. ئۇ كېتىپ بەش ئايدىن كېيىن كاتيۇشا ئۆزىنىڭ ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىقىنى جەزملەشتۈردى.

ماسلوۋانىڭ ئەمدى قېرى قىزلارنىڭكىدە داۋاملىق ئىشلەۋېرىشكە رايى قالمىغانىدى، ئۇ گويا باشقىلا ئادەمگە ئۆزگىرىپ قالغانىدەك، ئىشلارنى قولىنىڭ ئۇچىدىلا قىلىدىغان، ھېچ ئىش خۇشياقمايدىغان بولۇپ قالدى. ئىككى قېرى قىز نارازى بولۇپ ئۇنى ئىشتىن بوشىتىۋەتتى.

كاتيۇشا ئۇلارنىڭكىدىن كېتىپ، بىر شۆبە ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنىڭكىگە خىزمەتچى قىز بولۇپ كىردى، لېكىن ئۇ بۇ يەردە ئاران ئۇچ ئايلا تۇرالىدى. ئىدارە باشلىقى قېرىپ قالغىنىغا قارىماي ساقال تاشلاپ، كۆن بويى ئۇنىڭغا چاپلىشىۋالاتتى، كاتيۇشا باشلىقنىڭ رايىغا باقماي ئۇنى «ئەخمەق»، «قېرى ئالۋاستى» دەپ تىللايتتى. ئۇ ئاخىر ئەدەپسىزلىك قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئىشتىن بوشىتىلدى. دەل مۇشۇ پەيتتە ئۇ تۇغماقچى بولۇپ قالدى. شۇڭا ئۇنى سەھرالىق بىر ھاراق-پۇرۇش كىنىدىك ئانا ئۆز ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇردى. ئۇنىڭ تۇغۇتى ئاسان بولدى. لېكىن يېزىدا بىر كېسەل ئايالنى تۇغدۇرۇپ كەلگەن كىنىدىك ئانا كاتيۇشاغا تۇغۇت ئۇستىدە چىللە قىزىتمىسىنى يۇقتۇرۇپ قويدى. نەتىجىدە، بوۋاقنى يېتىم بوۋاقلار ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىشكە مەجبۇر

بولدى. بوۋاق ئوغۇل ئىدى. ئۇنى ئېلىپ بارغان موماي-
نىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئۇ يەرگە بېرىپلا ئۆلگەن ئوخشاي-
دۇ.

كاتيۇشا كىنىدىك ئانىنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ كەلگەن
چېغىدا، ئۇنىڭ بىر يۈز يىگىرمە يەتتە رۇبلى پۇلى بار
ئىدى، بۇ ئۇنىڭ بارلىق جۇغلانمىسى ئىدى. بۇنىڭ ئى-
چىدىكى يىگىرمە يەتتە رۇبلىنى ئۇ ئۆزى ئىشلەپ تاپ-
قان، يۈز رۇبلىنى ئۆزىنى ئازدۇرغان ھېلىقى يىگىت
بەرگەنىدى. بىراق، كېسەللىنى داۋالىتىش، تاماق يې-
يىش، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەرز سورىغانلارغا بېرىپ تۇرۇش
ئارقىسىدا، ساقايغاندىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىدا بىر تال
يارماقمۇ قالمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە خىزمەت تې-
پىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ نۆۋەت ئۇ بىر ئورمان بېگى-
نىڭكىدىن ئىش تاپتى. كۈتمىگەن يەردىن، ئورمان بې-
گىمۇ ھېلىقى ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقىدەك، كەل-
گەن كۈنىدىن باشلاپلا ئۇنىڭغا ساقال تاشلىغىلى تۇردى.
كاتيۇشا ئۇنىڭدىن يىرگىنىپ، ئۇنىڭدىن يىراق يۈرۈشكە
تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن ئورمان بېگى ئاخىر مەق-
سىتىگە يەتتى، بۇنى ئورمان بېگىنىڭ خوتۇنى سېزىپ
قالدى ــ دە، ئىش ھەققىنىمۇ بەرمەي ئۇنى ئىشتىن
قوغلىۋەتتى.

ماسلوۋا دەل مۇشۇ ۋاقىتتىن ئېتىبارەن ئۆزىنىڭ

«كاتيۇشا» دەۋرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، شەھەرگە كىرىپ ھامىسىنىڭكىگە چۈشتى. ھامىسى كىچىككىنە كىر يۇيۇش دۇكىنى ئېچىپ، شۇنىڭ بىلەن ئائىلىسىنى باقاتتى ۋە هاراقكەش ئېرىنى هاراق بىلەن تەمىن ئېتەتتى. ھامىسى ماسلوۋاغا ئۆز دۇكىنىدا كىر يۇيغۇچى بولۇپ ئىشلەشنى تەكلىپ قىلغانىدى، لېكىن ماسلوۋا ھامىسىنىڭ دۇكىنىدا كىر يۇيىدىغان ئاياللارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆرۈپ، بۇ ئىشقا قىزىقمىدى. ئۇ ئىشقا تونۇشتۇرغۇچى ئورۇنلارغا بېرىپ تەلەي سىناپ كۆرمەكچى بولدى ـ دە، ئۇ يەردە ئېسىل زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقىۋالغان بىر خېنىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ خېنىم ئىش ئىزدەپ يۈرگەن ماسلوۋانىڭ ئەھۋالىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئۆز ئادرېسىنى بېرىپ، ئۇنىڭدىن شۇ بويىچە ئۆيىگە ئىزدەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ماسلوۋا ئۇنىڭكىگە باردى. خېنىم ئۇنى مەززىلىك سامسىلار ۋە ئۈزۈم هارىقى بىلەن قىزغىن كۈتۈۋالدى. كەچقۇرۇن ئۆيىگە ئاق چېچى ۋە ئاق ساقىلىنى ئۇزۇن قويۇۋەتكەن بىر ئادەم كىرىپ كەلدى. ساھىبخان ھېلىقى ئادەم بىلەن خۇپىيانە پاراڭلىشىۋاتقاندا، ماسلوۋا ئۇنىڭ «يېڭىلا يېزىدىن كەلگەن غۇنچە ـ پورەك» دەۋاتقىنىنى ئاڭلاپ قالدى. كېيىن ساھىبخان ماسلوۋانى چاقىرىۋېلىپ، ئۇنىڭغا ھېلىقى ئادەمنىڭ يازغۇچى

ئىكەنلىكىنى، پۇلى ناھايىتى نۇرغۇنلۇقىنى، ماسلوۋا ئۇنىڭ دىتىغا يېقىپ قالسىلا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن ھېچنېمىسىنى ئايىمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. يازغۇچى دېگەندەكلا ئۇنى ياقتۇرۇپ قالدى ـ دە، ئۇچرىشىش ھەققى ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا يىگىرمە بەش رۇبلى بەردى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن يازغۇچى ئۇ-نىڭغا يەنە يىگىرمە بەش رۇبلى بېرىپ، ماسلوۋاغا ئايرىم بىر ئۆيدە بىللە تۇرۇشنى تەكلىپ قىلدى.

ماسلوۋا يازغۇچى ئىجارىگە ئالغان ئۆيدە تۇرۇۋاتقان چېغىدا، شۇ ھويلىدا تۇرىدىغان خۇش پېئىل مال ساتقۇچىنى ياخشى كۆرۈپ قالدى. ئۇ بۇ ئىشنى ياز-غۇچىغا ئۆزلۈكىدىن ئوچۇق ئېيتىپ، ئۇ ئۆيدىن مال ساتقۇچىنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ چىقىۋالدى. مال ساتقۇچى ئۇنىڭغا ئۆيلىنىشكە ۋەدە قىلغانىدى. ئۆيلىمىگەن يەر-دىن ئۇ ماسلوۋاغا خوشمۇ دېمەي ـكېتىپ قالدى. شۇنداق قىلىپ ماسلوۋا يەنە يالغۇز قالدى. ئۇ ئۆزى تۇرۇۋاتقان كىچىك ئۆيدە داۋاملىق يالغۇز تۇرۇۋەرمەكچى ئىدى، لېكىن ساقچىخانا باشلىقى ئۇنىڭغا پەقەت سې-رىق كىنىشكا ئالغاندىلا (دوختۇرنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، رەسمىي تارقىتىپ بېرىلىدىغان نو-مۇسنى سېتىشقا رۇخسەت قىلىش قەغىزى)، ئاندىن مۇشۇنداق يالغۇز تۇرۇشقا بولىدىغانلىقىنى ئېيتقانلىقى

ئۇچۇن ئۇ يەنە ھامىسىنىڭكىگە يېنىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى ۋە قالپىقى ئۇنى باشقىلا ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى، بۇنى كۆرگەن ھامىسى ئۇنى كىر يۇيغۇچى بولۇپ ئىشلەشكە تەكلىپ قىلىشقا ئىككىلىنىپ جۇرئەت قىلالمىدى، ماسلوۋامۇ ھەرگىز ئۇ يەردە ئىشلىمەيتتى، كىر يۇيۇش دۇكىنىدا ئىشلەۋاتقانلارنىڭ جاپا-مۇشەققەتلىك تۇرمۇشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسىلا، ماسلوۋانىڭ پۈتۈن بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ كېتەتتى. ماسلوۋا خېلى بۇرۇندىنلا تاماكا چېكەتتى. مال ساتقۇچى ئۇنى تاشلاپ كەتكەندىن كېيىن، ھاراق ئىچىشنىمۇ ئۆگىنىۋالدى. نىكوتىن بىلەن ئىسپىرت ئۇنىڭ بۇرۇنقى سەرگۈزەشتىلىرىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، ئۆز غۇرۇرىنى قايتۇرۇپ كېلەتتى.


دەل شۇ چاغدا بىر پاھىشىخانىغا قىز تېپىپ بېرىدىغان بىر دەللال خوتۇن ماسلوۋانى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنىڭغا ھاراقنى راسا ئىچكۈزۈپ مەست قىلىپ قويغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا مۇشۇ شەھەردىكى ئەڭ ياخشى، ئالىي دەرىجىلىك پاھىشىخانىغا پاھىشە بولۇپ كىرىش تەكلىپىنى بەردى. ماسلوۋانىڭ ئالدىدا ئىككىلا يول تۇراتتى، ئۇنىڭ بىرى يەنىلا دېدەك بولۇپ ئىشلەپ، ئەر خەقلەرنىڭ تېتىقسىزلىقلىرىغا چىداپ، ئۇلار بىلەن يوشۇرۇن ۋە ۋاقىتلىق زىنا قىلىش؛ يەنە بىرى بىر يو-

لىلا قانۇنىي ئورۇنغا ئېرىشىپ، ئەرلەر بىلەن ئاشكارا، قانۇنلۇق زىناخورلۇق قىلىپ پۇل تېپىش. ئۇ كېيىنكى يولنى تاللىۋالدى. بۇنىڭدىن مەقسىتى ئۆزىنى ئالدىغان، ھاقارەتلىگەن بارلىق ئەرلەردىن ئۆچ ئېلىش، شۇنداقلا بۇرۇن كىيىشكە قۇربى يەتمىگەن ئالىي دەرىجىلىك كىيىملەرنى كىيىش ئىدى. ئۇ پاسپورتنى ئۇلارغا تاپ-شۇردى، شۇنىڭ بىلەن، شۇ كۈنى پوچتا كېلىپ ئۇنى داڭلىق كىتايېۋا پاھىشىخانىسىغا ئېلىپ كەتتى....

ماسلوۋا يەتتە يىلنى ئەنە شۇنداق ئۆتكۈزدى. مۇشۇ مەزگىلدە ئۇ ئىككى پاھىشىخانىغا ئالماشتى، بىر قېتىم دوختۇرخانىدا يېتىپ چىقتى. ئۇ پاھىشىخانىغا كىرىپ يەتتىنچى يىلى، تۇنجى قېتىم نومۇسىنى سېتىپ سەككىزىنچى يىلىغا كەلگەندە بىر ۋەقە تۈپەيلىدىن تۈرمىگە كىرىپ قالدى.

## 3

ئۆزۈن يول ماڭغاچقا ھېرىپ ماغدۇرىدىن كەتكەن ماسلوۋا ئۆزىنى يالاپ ئېلىپ ماڭغانلار بىلەن يەرلىك سوت بىناسىغا يېقىنلاشقان چاغدا، ئۇنىڭ «تەربىيىچى ئانا» سىنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى—بۇرۇن ئۇنى ئازدۇرۇپ نومۇسىغا تەگكەن كىنەز دىمىترىي ئىۋانوۋىچ نېخليۇ-دوف ئازادە پۇرژىنىلىق كارېۋاتتا پاكىز ئۇيقۇ كىيىمى



بىلەن يېتىپ بىر تەرەپتىن تاماكا چەكسە، بىر تەرەپتىن ئۆز ئۆيى بىلەن بەند ئىدى.

ئۇ تۇنۇگۇن كەچقۇرۇنقى ۋاقىتنى كاتتا باي ۋە مەرتىۋىسى ئۇستۇن ئادەم — كورچاگىنلارنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزدى. ھەممىيلەن ئۇنى مۇشۇ ئائىلىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىدۇ، دەپ مۆلچەرلىشەتتى، بىراق مۇشۇنداق بو-لۇش - بولماسلىقىنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ ئىختىيارسىز ئېغىر خورسىندى، چېكىپ تۈگەتكەن تا-ماكىسىنىڭ قالدۇقىنى تاشلاپ، يەنە بىر تال ئالماق-تۇرماقچى بولدى - يۇ، ئۆزىچىلاتىن يەنە بۇ نىيىتىدىن يېنىپ، ئىككى پۇتى بىلەن ساپما كەشىنى ئىزدەشتۇرۇپ تاپتى. تاۋاردىن تىكىلگەن ئۇزۇن پىلاتىنى يېپىنىپ، ئالىي دەرىجىلىك سۇنئىي ئەتىر پۇرىقىغا تولۇپ كەتكەن يۇيۇنۇش بۆلمىسىگە كىردى.... يۇيۇنۇپ - تارىنىپ بول-غاندىن كېيىن سىلىق دەزماللانغان پاكىز كۆڭلەك، بۇرۇلكىلىرىنى، مايلاپ ئەينەكتەك پارقىرىتىۋېتىلگەن بەتىنكىسىنى كىيدى - دە، قاپقارا بۇدۇر بۇرۇتى بىلەن ئالدى تەرىپى چۇشۇپ شالاڭلاپ قالغان بۇدۇر چېچىنى پەرداز ئۇستىلى ئالدىدا تۇرۇپ تارىدى.

پاكىز، چىرايلىق ياسىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئەتىر ھىدىنى پۇرقۇرىتىپ ئاشخانىغا چىقتى. ئۇ ئادىتى بويىچە تاماقتىن ئىلگىرى يېڭى تاپشۇرۇۋېلىنغان

خەت ـ چەك، گېزىت ـ ژۇرناللارنى كۆرمەكچى بولۇپ تۇرۇشىغا، مەرھۇم ئانىسىنىڭ بۇرۇنقى خىزمەتچىسى — ئاگرافىنا پېترووۋنا يېقىندىلا ۋاپات بولغان كونا خوجايىنى ئۈچۈن كىيگەن ھازىلىق كىيىمى بىلەن كىرىپ كەلدى.

— كىنەز خانىمدىنمۇ يا كىنەز قىزىدىنمۇ، ئىشقىلىپ كورچاگىن كىنەزنىڭ ئۆيىدىن خەت كەپتۇ، — دېدى قېرى خىزمەتكار ئايال خەتنى بېرىۋېتىپ مەنىلىك كۈلۈمسىرەپ.

—ياخشى، مانا ھازىر، — دېدى نېخليۇدوف خەتنى ئېلىپ، ئۇ ئاگرافىنا پېترووۋنانىڭ چىرايىدىكى كۈلكىنى كۆرۈپ تەرىنى تۈردى.

— نېخليۇدوف خەتنى ئېچىۋىدى، دىمىغىغا خۇش پۇراق ئۇرۇلدى. خەتتە كىنەز قىزى بىر خىل قەلبداش دوستلارغا خاس مۇلايىملىق ۋە يۇمۇرلۇق تەلەپپۇزدا ئۇنى مۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇرغانىدى:

— سىزنىڭ ھەممىنى ئېسىڭىزدە تۇتۇشىڭىزغا ھەمدەم بولۇشنى ئۈستۈمگە ئالغىنىم ئۈچۈن، بۈرچۈمنى ئادا قىلىش يۈزىسىدىن، سىزگە شۇنى ئەسلىتىپ قويايكى، بۈگۈن — 28 ـ ئاپرېل، زاسېداتېل سۈپىتىدە سوتقا ۋاقتىدا قاتنىشىشىڭىز كېرەك. كونۋېرتنىڭ كەينىگە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئادىتى بويىچە يەنە بىر قۇر

فرانسۇزچە خەت يېزىپ قويۇلغان بولۇپ، مەنىسى سىزنى ئۇنتۇلمىسۇن، ئۇنى تولۇق ئەسلىگەن ئاتىسىنىڭ ئويلىنىشى بىلەن ئۇنى ئىپادىلەيدىغان بولۇپ، ئىبارەت ئىدى.

بۇنىڭ كىمنىڭ قىزى كورچاگىنا قوزغىغان يېڭى بىر مۇھەببەت ھۇجۇمى ئىكەنلىكىنى نېخليۇدوف ئەل. ۋەتتە چۈشىنەتتى. ئۇنىڭ كورچاگىناغا ئۆيلىنىش تەك. لىپىنى بېرىش قارارىغا كېلەلمەسلىكىدىكى سەۋەب ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئون يىل ئىلگىرى كاتيۇشانى ئېزىق. تۇرۇپ نومۇسىغا تېگىپ، كېيىن تاشلىۋەتكىنىمۇ ئە. مەس ئىدى. بۇ ئىشنى ئۇ ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇپ كەتكەنى. دى. ئۇنتۇمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۆيلىنىشىگە توسقۇن بولىدۇ، دەپمۇ قارىمايتتى. ئاساسلىق سەۋەب شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ نىكاھلىق بىر ئايال بىلەن ئاستىرتىن مۇناسىۋىتى بارلىقى ئىدى. بۇ ئايال مەلۇم ناھىيىدىكى باش ئاقسۆڭەكنىڭ ئايالى ئىدى. نېخليۇدوف ھەر قې. تىمقى ئاقسۆڭەكلەر سايلىمىدا ئۇ ناھىيىگە بىر قېتىم بېرىپ تۇراتتى. ھېلىقى ئايال تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇنى ئىندەككە كەلتۈرۈۋالغانىدى ...... ئەمدىلىكتە نېخليۇدوف ئۇنىڭدىن ئاللىقاچان بىزار بولغانىدى، لې. كىن يەنە ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەيدىغاندەك ھېس قىلاتتى. شۇڭا، ئۇ ئايالنى سىناپ مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش ھەققىدە بىر پارچە خەت يازغان، ھازىر دەل شۇ خەتنىڭ جاۋابىنى

كۆتمەكتە ئىدى.

يەنە بىر پارچە خەت ئۇنىڭ ئىگىلىكىنى باشقۇرۇ-
ۋاتقان باش خوجىداردىن كەلگەنىدى، باش خوجىدار خې-
تىدە ئۇنىڭ ۋارىسلىق ھوقۇقىنى بەلگىلەش، ئاندىن
ئىگىلىكىنى بۇنىڭدىن كېيىن قانداق باشقۇرۇش مە-
سىلىسىنى ھەل قىلىشىش ئۈچۈن نېخلىيۇدوفنىڭ
قانداقلا بولمىسۇن بىر كېلىپ كېتىشى لازىملىقىنى
ئېيتقانىدى. نېخلىيۇدوف ياش ۋاقتىدا گېربېرت سپېن-
سېرنىڭ قىزغىن ئېتىقادچىلىرىدىن بىرى ئىدى. س-
پېنسېرنىڭ «ئىجتىمائىي ستاتىستىكا» دېگەن كىتابى-
دىكى «ئادالەت يەرنىڭ خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدە بولۇ-
شىغا يول قويمايدۇ» دېگەن نەزەرىيە ئەينى چاغدا ئۇنى
شۇنداق ھاياجانلاندۇرغان ئىدىكى، ئۇ ئۆزىنى ئاسانلىقچە
باسالمايدىغان ياشلارغا خاس مىجەز ـ خاراكتېرى بويىچە
مۇشۇ نەزەرىيە ھەققىدە ئىلمىي ماقالە يېزىپلا قالماس-
تىن، بەلكى يەنە ئۆزىگە قاراشلىق بىر پارچە يەرنى
دېھقانلارغا تەقسىملەپمۇ بەرگەنىدى ... ... بىراق، ھازىر
ئۇ قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلەلمەي قېلىۋاتاتتى.
يەنە ئەينى يىللاردىكىدەك يەرنى تاپشۇرۇپ بېرىشى
مۇمكىن ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ يەردىن بۆلەك
ھېچقانداق كىرىم مەنبەسى يوق ئىدى. ئۇ ئەمەلدار بو-
لۇشنىمۇ خالىمىغانلىقى ئۈستىگە يەنە راھەت ـ پاراغەتلىك

چىرىك تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئادەتلىنىپ قالغانىدى. پۇل بولمىسا قانداق بولىدۇ؟ ھالبۇكى، يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىغا ۋارىسلىق قىلسا، بۇ ياش ۋاقىتىدا قىلغانلىرىنىڭ خاتا ۋە ساختا ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغانغا باراۋەر ئىدى......

بۇ خەت ئۇنىڭ بېشىنى راسا قاتۇرغانىدى.

## 4

نېخليۇدوف قەھۋەنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇقتۇرۇش قەغىزىدىن سوتقا سائەت نەچچىدە بېرىشى كېرەكلىكىنى بىلىۋېلىش، ئاندىن كىنەز قىزىغا جاۋاب خەت يېزىۋېتىش ئۈچۈن كىتابخانىسىغا ماڭدى.

نېخليۇدوف چوڭ يېزىق ئۈستىلىنىڭ «جىددىي» دېگەن خەت يېزىلغان تارتمىسىدىن ھېلىقى ئۇقتۇرۇش قەغىزىنى دەرھاللا تاپتى، ئۇنىڭدا سائەت ئون بىردە سوتتا بولۇشى لازىملىقى كۆرسىتىلگەنىدى. ئەمدى ئۇ خەت يېزىش ئۈچۈن ئولتۇردى. ئۇ خەتنى ئىككى قېتىم يېزىپ بولۇپ، يەنە يىرتىۋەتتى، چۈنكى خەتنىڭ تەلەپپۇزى بىردەم تولىمۇ قىزغىن بولۇپ كەتسە، بىردەم تولىمۇ سوغۇق بولۇپ قالاتتى. ئەڭ ئاخىردا ئۇ ئىلاجسىز مۇلازىمغا:

— كورچاگىنلارنىڭكىدىن خەت ئېلىپ كەلگەن ئا-

دەمگە مېنى رەھمەت ئېيتتى، دەپ قويۇڭ...، — دېدى.

ئۇ كىيىنىپ ئىشىكتىن چىققاندا، ئات ھارۋىسىدا تونۇش بىر كىراكەش ئۇنى ساقلاپ تۇراتتى.

— تونۇغۇن، سىلى كىنەز كورچاگىننىڭكىدىن كېتىشلىرىگە، — دېدى ھارۋىكەش نېخليۇدوفقا بۇرۇلۇپ خۇشامەت قىلىپ، — مەنمۇ يېتىپ كەپتىمەن، ئىشىك باقار سىلىنى «ھېلىلا كەتتى» دېدى.

— مېنىڭ كورچاگىن ئائىلىسى بىلەن ئالاقەم بار-لىقىنى مۇشۇ ھارۋىكەشلەرگىچە بىلىپ كېتىپتۇ-دە! — دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە تېخىمۇ چوڭقۇر ئويغا پاتتى.

ئۇ ئەڭ ئالدى بىلەن، ئۆيلىنىش كېرەكمۇ-يوق دېگەن مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالمىغانىدى. ئۆيلەنسە، شۈبھىسىزكى، تۇرمۇشى نورماللىشىپ، مۇكەممەللە-شىپ قالاتتى؛ بىراق، بۇنىڭلىق بىلەن ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم بولۇپ قالارمەنمىكىن، دەپ ئەنسىرەيتتى. بۇ، يېشى چوڭىيىپ قالغان، لېكىن ئۆيلەنمىگەن بويتاق كىشىلەرگە ئورتاق ئەندىشە ئىدى.

ھالبۇكى، ئىجتىمائىي ئالاقە ساھەسىدىكىلەر «مىس-سى» دەپ ئاتايدىغان كىنەز قىزى مارىيەگە نىسبەتەن ئۇ تېخىمۇ بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتاتتى. دەرۋەقە، ئۇ قىز داڭدار ئائىلىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئاقسۆڭەكلەر قان سىستېمىسىغا مەنسۇپ ئىدى، يەنە كېلىپ،

نېخليۇدوفنى ياخشى كۆرەتتى؛ نېخليۇدوفقا بولسا يەنە مىسسىسىنىمۇ ياخشىراق بىرەر قىزنىڭ ئۆچراپ قېلىشىمۇ مۇمكىنغۇ، دەپ ئويلايتتى، ئىككىنچىدىن، مىسسى هازىر يىگىرمە يەتتە ياشقا كىردى. شۇڭا ئىلگىرى ئۇ بىرەرسىنى ياخشى كۆرگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن، بۇ خىيال نېخليۇدوفنى قىينايتتى.

شۇڭلاشقا ئۆيلىنىشنى قۇۋۋەتلەيدىغان سەۋەبلەر بىلەن ئۆيلىنىشكە قارشى كېلىدىغان سەۋەبلەر بىر ـ بىرىنى بېسىپ كېتەلمەيتتى، بۇ هال ئۇنى تۇگىمەس ئويغا غەرق قىلاتتى، بىر قارارغا كېلىشنى قىيىنلاشتۇراتتى. ئۇ تاسادىپىي هالدا فرانسىيە پەيلاسوپى بۇرىدان يازغان مۇنداق بىر رىۋايەتنى ئەسكە ئالدى: بىر ئېشەك شەكلى ۋە سۈپىتى تامامەن ئوخشاش ئىككى باغ قۇرۇق ئوتنى كۆرۈپ، قايسىبىرىنى تاللاپ يېيىشنى بىلمەي ئارىسالدا بولۇپ، ئاخىر ئاچلىقتىن ئۆلگەن ئىكەن....

## 5

نېخليۇدوف سوت مەھكىمىسىگە كىرگەن چاغدا، سوت مەھكىمىسىنىڭ كارىدورىدا تەييارلىق ئىشلىرى جىددىي باشلىنىپ كەتكەنىدى.

چاقىقانغىنا زاسېداتىللار بۆلۈمىدە هەرقايسى ساھەلەردىن كەلگەن ئون نەچچە كىشى بار ئىدى، ئۇلار ئۆزئارا

ئامان ـ ئېسەنلىك سوراشماقتا ئىدى. ئۇلار گەرچە ئاغزىدا زاسىپداتىل بولۇشنىڭ ئاۋارىچىلىك ئىكەنلىكىنى دې- يىشسىمۇ، چىرايلىرىدىن مۇھىم بىر ئىجتىمائىي خىزمەتنى ئۆتەۋاتقانلىقىدىن خۇشال ئىكەنلىكى بىلى- نىپ تۇراتتى.

نېخليۇدوف كېچىكىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن سوت ئەزالىرىدىن بىرى تېخىچە يېتىپ كېلەلمىگەنلى- كى ئۈچۈن بەربىر ئۇزاق ساقلاشقا توغرا كەلدى.

كوللېگىيە باشلىقى سوتقا ناھايىتى بالدۇرلا كې- لىپ بولغانىدى. ئۇ ئېگىز بويلۇق، قويۇق ساقىلىغا ئاق كىرىشكە باشلىغان، سېمىز كىشى ئىدى. ئۇ خوتۇنى بار تۇرۇپ، تۇرمۇشنى خۇددى خوتۇنىغا ئوخشاش تولىمۇ ئەخلاقسىزلىق بىلەن ئۆتكۈزەتتى.

بۈگۈن ئەتىگەن ئۇ ئۆتكەن يىلى يازدا ئۆزىنىڭكىدە ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە ئىچ ـ پەش تارتىشىپ قالغان، ئەمدى جەنۇبتىن پېتربۇرگقا كېتى- ۋېتىپ مۇشۇ شەھەرگە چۈشكەن شۋېتسارىيىلىك ئاش- نىسىدىن خەت ئالغانىدى. ئۇ ئايال خېتىدە چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتىن ئالتىگىچە ئۇنى «ئىتالىيە» مېھمانخانىسىدا ساقلايدىغانلىقىنى يازغانىدى. شۇڭلاشقا، ئۇ بۇ سۆيۈملۈك قىزىل چاچلىق ئاشنىسى بىلەن تېزرەك كۆرۈشۈش ئۈچۈن سوتنى بالدۇرراق باشلاپ، بالدۇرراق تۈگىتىشنى ئۈمىد قىلاتتى.

كوللېگىيە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا چىرايى تۇ-
تۇق بىر كىشى كىرىپ:

— سوتچى ماتۋېي نىكتىچ تېخىچە كەلمىدى، —
دېدى. بۇ سوتچىنىڭ يامان بىر خوتۇنى بار ئىدى. بۇ
خوتۇن ئېرى بىر ئايغا دەپ مۆلچەرلەپ بەرگەن پۇلنى
مۇددەتتىن بۇرۇن تۈگىتىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، بۈگۈن
ئەتىگەن ئىشقا چىقىشتىن بۇرۇن ئىككىسى ۋارقىـرد-
شىپ قالغانىدى. خوتۇنى ئۇنىڭدىن ئالدىن بىر - ئاز
پۇل بېرىپ تۇرۇشنى سورىۋىدى، ئېرى ئۇنىمىدى، خو-
تۇنى ئۇنىڭغا تەھدىت سېلىپ: مۇبادا گېپىمنى ئاڭلى-
مىساڭ، ئۆيگە كېلىپ تاماق يەيمەن، دەپ خام خىيال
قىلما، دېدى. خوتۇنىنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدىغان-
لىقىنى ئۇ بىلەتتى......

قانداقتۇر بىر دېلو ماتېرىيالىنى ئېلىپ كاتىپ
كىرىپ كەلدى. كوللېگىيە باشلىقى:

— قايسى دېلونى ئاۋۋال قارايمىز؟ — دەپ سورىدى.

— مېنىڭچە، باشقىلارنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەنلەر-
نىڭ دېلوسىنى ئاۋۋال قارىساقمىكىن، — دېدى كاتىپ
پەرۋاسىزلارچە.

— ھە، مەيلى، زەھەرلەپ ئادەم ئۆلتۈرگەنلەرنىڭ
دېلوسىنى ئالدىن قارىساقمۇ قارايلى، — دېدى كوللېگى-
يە باشلىقى كۆڭلىدە بۇ دېلونى چۈشتىن كېيىن سائەت
تۆتكىچە تۈگەتكىلى بولىدۇ، دەپ ئويلاپ. ئۇ كاتىپقا بۇ

قېتىمقى سوراقتا ھۆكۈمەت نامىدىن شىكايەت قىلىشقا مەسئۇل بولغان مۇئاۋىن باش تەپتىش برىۋېغا ئۇقتۇرۇپ قويۇشنى جېكىلىدى.

كاتىپ كارىدورغا چىقىپلا برىۋېي بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى ھەمدە ئۇنىڭغا: زەھەرلەپ ئادەم ئۆلتۈرگەنلەرنىڭ دېلوسىنى بالدۇر قارايدىغان بولدۇق، دېدى. برىۋېي ئە-چىدە خۇپىيانە ئازاب ھېس قىلدى، چۈنكى ئۇ پۈتۈن بىر كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەنىدى. ئۇلار بىر خىزمەتدى-شىنى ئۇزىتىپ قويۇش يۈزىسىدىن كېچە سائەت ئىك-كىگىچە ئىچىشكەن ۋە قىمار ئويناشقان، ئاندىن ئايال-لارنىڭ قېشىغا — بۇنىڭدىن ئالتە ئاي ئىلگىرى ماس-لوۋا تۇرغان پاھىشىخانىغا بېرىشقانىدى. شۇڭا ئۇ زە-ھەرلەپ ئادەم ئۆلتۈرگەنلەرنىڭ دېلو ماتېرىيالىنى ئو-قۇشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي، شۇ تاپتا ئۇنى بىرەر قۇر كۆ-رۈۋالماقچى بولۇپ تۇرغانىدى.... بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۇنىڭ قارىشىچە، لىبېراللارغا مەنسۇپ كاتىپنىڭ قەس-تەن ئىغۋاگەرچىلىك قىلىشىدىن ئىبارەت ئىدى.

## 6

ئاخىر ماتۋېي نىكتىچمۇ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەق تەلەپ سوت ئىشلىرى خادىمى زاسېداتىللارنىڭ سوتقا كىرىشىنى ئۇقتۇردى.

سوت زالى گۈزۈن ۋە كەڭ بىر بۆلمە ئىدى. ئۈچ باسقۇچلۇق پەلەمپەي بىلەن چىققىلى بولىدىغان مۇن-بەرنىڭ ئارقىسىدىكى تامنىڭ ئوتتۇرىسىغا چار پادى-شاھنىڭ سۈرىتى ئېسىلغانىدى، ئۇنىڭ ئىرەپتىكى بۇلۇڭغا ئورنىتىلغان بوت تەكچىسىگە بېشىغا تىكەنلىك تاج كىيگەن خرىستوسنىڭ مۇقەددەس ئوبرازى قويۇلغانىدى. زاسېداتېللار جايلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ھەق تەلەپ سوت ئىشلىرى خادىمى سىگايان مېڭىپ زالنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ، گويا سورۇندىكىلەرنى چۆچۈتۈۋەت-كۈسى كەلگەندەك جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن:

— سوت باشلاندى! — دەپ ۋارقىرىدى.

ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇردى. بۇلجۇڭ گۆشلىرى تەرەققىي قىلغان كوللېگىيە باشلىقى، چىرايى تۇتۇلغان سوتچى ۋە دائىم كېچىكىپ كېلىدىغان ماتۋېي نىك-تىچلار كەينى-كەينىدىن سوت زالىدىكى مۇنبەرگە چىقتى.

نىكتىچنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالغان، بىر ئىشنى ئويلاۋاتقاندەك قىلاتتى — ئۇنىڭ ئويلىغىنى بۇ دېلو ئەھۋالى ئەمەس، بەلكى ئۆزى گىرىپتار بولغان ئاشقازان ياللۇغى كېسەللىكىدىن ئىبارەت ئىدى. دەل بۈگۈن ئۇ يېڭى بىر داۋالىنىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا باشلىغانىدى. شۇ تاپتىمۇ ئۇ ئىشخانامدىن مۇشۇ يەر-

گىچە بولغان ئارىلىقتىكى قەدەممۇنىڭ سانى ئۇچكە قالدۇقسىز بۆلۈنسە، ئاشقازان ياللۇغۇم شىپا تاپالايدۇ ... دەپ مۆلچەرلىدى.

ئۇچىنچىسى ياقىسى زەر يىپ بىلەن كەشتىلەنگەن فورما كىيگەن كوللېگىيە باشلىقى ۋە سوراقچىلارنىڭ قىياپىتى تولىمۇ سۈرلۈك ئىدى.

مۇئاۋىن باش تەپتىشمۇ كىردى. ئۇ نام ـ مەرتىۋىگە تولىمۇ خۇشتار ئادەم ئىدى، شۇڭا ئۇ ئۆزى ئەيىبلىگەن دېلودا جاۋابكارغا چوقۇم جازا ھۆكۈم قىلىش كېرەك، دەپ قارايتتى. زەھەرلەپ ئادەم ئۆلتۈرگۈچىلەر دېلوسىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى ئۇ ئاساسىي جەھەتتىن ئىگىلەپ بولدى، سۆزلەيدىغان سۆزنىڭ تېزىسىنىمۇ تۈزۈپ قويدى. لېكىن ئۇنىڭغا يەنە بەزى ئاساسلارنى قوشۇشقا توغرا كېلەتتى.

كوللېگىيە باشلىقى بەزى ھۆججەتلەرنى كۆرۈپ بولۇپ، ھەق تەلەپ سوت ئىشلىرى خادىمى بىلەن كاتىپتىن بىرنەچچە سوئال سورىدى، ئاندىن جاۋابكارلارنى زالغا ئېلىپ كىرىشكە بۇيرۇق بەردى.

ئۈچ نەپەر جاۋابكار قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ تۇتقان ژاندارمىلارنىڭ يالىشى ئاستىدا كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ تۇنجىسى قوڭۇر چاچلىق، سەپكۈن يۈزلۈك ئەر ئىدى، ئۇنىڭ كەينىدىكىسى ئىككى ئايال بولۇپ، بىرىنىڭ

يېشى خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان، نە قېشى، نە كىرپىكى يوق ئىدى. ئۇ ناھايىتى ئېغىر ـ بېسىقتەك كۆرۈنەتتى، جاۋابكارلارنىڭ ئۇچىنچىسى بولسا ماسلوۋا ئىدى. ئۇ كىرىشى بىلەنلا، سوت زالىدىكى ئەرلەرنىڭ ھەممىسى تەڭلا ئۇنىڭغا ـــ ئۇنىڭ ئاپئاق يۈزىگە، چاقناپ تۇرغان قاپقارا كۆزلىرىگە، پەلتوسىنىڭ ئاستىدىن مانا مەن دەپ چوقچىيىپ بىلىنىپ تۇرغان ئېگىز كۆكسى-گە ... دىققەت ـ نەزىرىنى ئاغدۇرۇشتى.

زاسېداتېللارنىڭ سانىنى ئېلىش، كېلەلمىگەن زا-سېداتېللار مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىش ... قاتارلىق رەسمىيەتلەر باشلاندى. ئارقىدىن بىر پوپ زاسېداتېللار-نىڭ قەسەم قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى.

بۇ پوپنىڭ مۇشۇ ئىشنى قىلىپ كېلىۋاتقىنىغا قىرىق ئالتە يىل بولغانىدى. ئۇ قېرىپ قالغان چېغى-دىمۇ چېركاۋنىڭ، ۋەتەننىڭ ۋە ئۆز ئائىلىسىنىڭ مەن-پەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىدىن ئىنتايىن پەخىرلىنەتتى. ئۇ ئاللىقاچان خېلىلا مول بايلىق توپ-لىۋالغانىدى. ئۇنىڭ سوتتىكى ئىشى كىشىلەرگە ئىن-جىلنى سۆيدۈرۈپ تۇرۇپ قەسەم قىلدۇرۇش ئىدى، ئىن-جىلدا بولسا كىشىلەرگە قەسەم قىلدۇرۇش ئۇزۇل ـ كېسىل چەكلەنگەن، لېكىن ئۇ بۇنى خىيالىغىمۇ كەل-تۈرۈپ باقمايتتى....

كوللېگىيە باشلىقى جاۋابكارلارغا يۈزلىنىپ، ئادەتـ ـلەنگەن تەرتىپ بويىچە ئۆلارنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى، كېلىپ چىقىشى، ئېتىقادى، كەسپى قاتارلىقلارنى سو ـ رىدى.

ئۈچ جاۋابكار ئىچىدىكى ئەرنىڭ تولۇق ئىسمى سىمون پېتروف كارتىنكىن، ئوتتۇز ئۈچ ياش بولۇپ، قولغا ئېلىنىشتىن ئىلگىرى «مابرىدانىيە» مېھمانخاـ نىسىنىڭ مۇلازىمەتچىسى ئىدى. ئۇ كوللېگىيە باشلىـ قىنىڭ سوئاللىرىغا ئۇندىمەسلىك بىلەن جاۋاب بېرەتتى.

ياشانغان ئايال مەھبۇسنىڭ ئىسمى بوچكوۋا بولۇپ، قىرىق ئۈچ ياش ئىدى، ئۇمۇ كارتىنكىن بىللە «مابرىدانىيە» مېھمانخانىسىدا كۆتكۈچىلىك قىلاتتى. ئۇ ناھايىتى جىگەرلىك، ھېچكىمگە پىسەنت قىلمايدىغانـ ـدەك كۆرۈنەتتى.

— ئىسمىڭىز كىم بولىدۇ؟ — دېدى خوتۇنباز كوللېگىيە باشلىقى ئۈچىنچى جاۋابكارغا ئالاھىدە تە ـ كەللۇپ بىلەن.

ماسلوۋا ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ليۇبوف، ئەسلىدە يېكاتېرىنا دەپ چاقىرىشىدـ ـغان.... كىشىلەر ئانامنىڭ فامىلىسى بويىچە ماسلوۋا، دەپ ييزىشۋاتىدۇ، — دېدى.

شۇ چاغدا نېخليۇدوف كۆزىنىڭ كىمنى تاقاپ،

كوللېگىيە باشلىقى جاۋاب ئېلىشۋاتقان جاۋابكارلارغا بىرمۇبىر تىكىلىپ قاراپ چىقتى. ماسلوۋانى كۆرگەندىن كېيىن چۆچۈپ كەتتى ـ دە: ئۇ بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ ياق، بۇ ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس...دەپ ئويلاپ، ئۆزىنىڭ كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. يەنىمۇ ئىنچىكلەپ قارىۋىدى، گەرچە ئۇنىڭ چىرايى ئاز ـ تولا سولىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئەينى چاغدىكى ئالاھىدىلىكلىرى — سەل ـ پەل ئەلەس كۆزلىرى، كۈلكە جىلۋە قىلىپ تۇرىدىغان ساددا قاراشلىرى، پۈتۈن تۇرقىدىن بىلىنىپ تۇرىدىغان يېقىملىق تەقى ـ تۇرقى تېخىچە ئەينىنى يوقاتمىغانىدى ... شۇنداق، بۇ — دەل ماسلوۋا، ھامما لىرى بېقىۋالغان ھېلىقى دېدەك قىز شۇ. بىر چاغلاردا ئۇ ئاشۇ قىزنى چىن دىل، ھەقىقىي نىيىتى بىلەن سۆيگەن، كېيىن ئەقلىنى يوقىتىپ تەلۋىلەرچە ئەلپازدا ئۇنى ئالداپ نومۇسىغا تەگكەن، ئارقىدىن ئۇنى تاشلىۋەتكەن، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ئەسلەپمۇ قويمىغانىدى ... بىرەر قېتىم بولسىمۇ. ...

نېخليۇدوف كۆزەينىكىنى ئېلىۋېتىپ، جاۋابكار ئورنىدىكى ماسلوۋاغا قارىدى، ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرى شاۋقۇنلۇق دەريا كەبى ئۆركەشلەشكە باشلىدى.

سوت رەئىسى، تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلماقتا: گۇۋاھچىلار چاقىرىلدى، ئەيىبنامە ئوقۇلدى....

## 7

دېلو ئەھۋالى مۇنداق ئىدى:

17 ـ يانۋاردا سىبىرىيىدىن كەلگەن بىر سودىگەر مۇشۇ شەھەردىكى «مابرىدانىيە» مېھمانخانىسىدا تۇيۇق۔سىز ئۆلگەن ۋە ساقچى ئىدارىسىنىڭ جەسەتنى تەكشۈ۔رۈشى ئارقىلىق، ھاراقنى ئادەتتىن تاشقىرى كۆپ ئىچ۔كەنلىكتىن يۈرىكى يېرىلىپ ئۆلگەنلىكى ئىسپاتلانغان. بۇ سودىگەرنىڭ جەسىتى ناھايىتى تېزلا يەرلىككە قو۔يۇۋېتىلگەن. بىراق، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇنىڭ بىر دوستى پېتربۇرگتىن قايتىپ كېلىپ بۇ ھادىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ پۇلىنى كۆز۔لەپ ئۆلتۈرگەنلىكىدىن گۇمانلىنىپ، ساقچى ئىدارىسى۔گە دېلو مەلۇم قىلغان. ساقچى ئىدارىسى يەنە بىر قې۔تىملىق تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، سودىگەرنىڭ تا۔سادىپىي ئۆلۈپ كېتىشىنىڭ ئۈچ ئادەم بىلەن مۇناسى۔ۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققان، ئۇلار «مابرى۔دانىيە» مېھمانخانىسىنىڭ ئىككى مۇلازىمەتچىسى بىلەن پاھىشە ئايال ماسلوۋادىن ئىبارەت بولۇپ، سودىگەر ئۆ۔لۈشتىن ئىلگىرى ئىزچىل تۈردە ۋاقىتنى ماسلوۋا بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن. ماسلوۋا يەنە سودىگەرنىڭ تاپ۔شۇرۇقى بىلەن پاھىشىخانىدىن مېھمانخانىغا پۇل ئال۔

غىلى كەلگەن. ماسلوۋا ئىككى مۇلازىمنىڭ ھەمراھلى-
قىدا سودىگەرنىڭ خانىسىغا كىرىپ، سودىگەر بەرگەن
ئاچقۇچ بىلەن سودىگەرنىڭ چامادانىنى ئاچقان. ئەينى
چاغدا ئىككى مۇلازىم سودىگەرنىڭ چامادانىدا بىرنەچچە
بولاق يۈز رۇبلىلىق پۇل بارلىقىنى كۆرگەن ... ماسلوۋا
سودىگەرگە ھەمراھ بولۇپ مېھمانخانىغا قايتىپ كەل-
گەندىن كېيىن، بۇ پاھىشە مۇلازىم كارتىنكىنىڭ
كۇشكۇرتۇشى بويىچە بىر بولاق ئاق پاراشوكنى تۇيدۇر-
ماي بىر رومكا كونياكقا ئارىلاشتۇرۇپ سودىگەرگە ئىچ-
كۈزۈۋەتكەن.... سودىگەر ئۆلگەندىن كېيىن سوت مەھ-
كىمىسى جەسەتنى يېرىپ تەكشۈرۈپ، زەھەرلىنىپ
ئۆلگەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. ماسلوۋا بولسا سودىگەرنىڭ
بىر دانە ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈكىنى پاھىشىخانا خوجا-
يىنىغا ساتقان؛ ئىككى مۇلازىمنىڭ بىرى — بوچكوۋا
سودا بانكىسىغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ قەرەلسىز پۇل ئامانەت
چېكىگە 1800 كۈمۈش رۇبلى پۇل ئامانەت قويغان. تەپ-
تىش ئەمەلدارىنىڭ قارىشىچە، بۇلار ئۈچ جاۋابكارنىڭ
بىرلىشىپ سىبىرىيىلىك سودىگەرنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى
بېكىتىشكە يېتەرلىك ئىدى. بىراق، ئىككى مۇلازىم
بىلەن ماسلوۋا مۇشۇنداق جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىنى
ئېتىراپ قىلمىدى. ماسلوۋا ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن سودى-
گەرنىڭ رومكىسىغا قانداقتۇر بىر پاراشوكنى سېلىپ

قويغانلىقىنى، ئۇ بۇ پاراشوكنى ئۆيىقۇ دورىسى دەپ ھې-
سابلاپ، سودىگەر پاتراق ئۇخلىسا، ئۇنىڭدىن بالدۇرراق
قۇتۇلارمەنمىكىن، دەپ ئويلاپ كارتىنكىندىن ئالغانلى-
قىنى؛ ئۆزۈكنى بولسا، سودىگەر غەرق مەست بولۇپ
ئۇنى قاتتىق دۇمبالىغانلىقى ئۈچۈن، يىغلاپ، كېتىمىپ
قالماقچى بولغاندا، سودىگەر شۇئان بارمىقىدىكى ئۈزۈك-
نى سۇغۇرۇۋېلىپ ئۆزىگە تەقدىم قىلغانلىقىنى ئېيتتى.
كارتىنكىن سوراقتا ھېلى قىلغان گېپىدىن ھېلى يې-
نىۋالاتتى، ئۇ دەسلەپتە دورا پاراشوكىنى ھەقسەقەتەن
ماسلوۋاغا بەرگەنلىكىنى ئىقرار قىلدى، بىراق، كېيىن
يەنە ئىقرارىدىن يېنىۋېلىپ: ھېچقانداق دورا بەرمىدىم،
جىنايەتنىڭ ھەممىسىنى ماسلوۋا ئۆتكۈزدى، دەپ تۇرۇ-
ۋالدى. ئايال مۇلازىم بوچكوۋامۇ شۇنداق دېدى. ئۇ يەنە بۇ
1800 كۇمۇش رۇبلىنى كارتىنكىن جۇغلىغان، بىز توي
قىلماقچىمىز، دېدى.

ئەيىبنامىدە مۇنداق دېيىلگەندى:

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلارنى يىغىنچاقلىغاندا،
بوركىلىق دېھقان سىمون پېتروف كارتىنكىن، 33 ياش،
مىشچانكا يېۋفىمىيە ئىۋانوۋنا بوچكوۋا، 43 ياش، يېكا-
تېرىنا مىخايلوۋنا ماسلوۋا، 27 ياش، ×188 ـ يىل 17 ـ
يانۋار كۈنى ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، سودىگەر سمېل-
كوفنىڭ جەمئىي 2500 كۇمۇش رۇبلى قىممىتىدىكى

مال ـ مۈلىكى ۋە ئۆزۈكنى ئوغرىلاپ، سىمپلكوفنى ئۆل- تۈرۈش نىيىتىدە، ئۇنىڭغا زەھەرلىك ھاراق بەرگەنلىكى، شۇ سەۋەبلىك سىمپلكوف ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئەيىبلەندى.

مەزكۇر جىنايەتنى ئېنىقلاش «جىنايى ئىشلار قا- نۇنى» نىڭ 1453 ـ ماددا 4 ـ ، 5 ـ تارماقلىرىدىكى بەل- گىلىمىگە ئۇيغۇن بولغانلىقى ئۈچۈن، «جىنايى ئىشلار دەۋالىرىنى يۈرگۈزۈش نىزامى» نىڭ 201 ـ ماددىسىغا ئاساسەن، ئۈچ جاۋابكار يەرلىك سوت مەھكىمىسىدىكى سوتچىلارنىڭ زاسېداتېللار بىلەن بىرلىشىپ سوراق قىلىشىغا تاپشۇرۇلدى.

ھەقىقەت ئېچىلىپ، ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەيدۇ، دې- گەن خىيال بىلەن كۆپچىلىك يېنىك خورسىنىپ قو- يۇشتى. پەقەت نېخلىيۇدوفلا ھاڭۋېقىپ قالغانىدى. ئۇ بۇنىڭدىن ئون يىل ئاۋۋال تونۇشقان ئوماق ساددا قىز — ماسلوۋانىڭ مۇشۇنداق ئىشنى قىلىپ قويغانلىقىدىن ئىختىيارسىز چۆچۈپ كېتىپ، خىيالغا پاتتى.

## 8

نېخلىيۇدوف زاسېداتېللار بۆلۈمىگە كىرىپ، دېرىزە يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى، سەرگۈزەشتىلەر كۆز ئالدىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

شۇنداق، بۇ، كاتيۇشا ئىدى.

نېخليۇدوف ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئۇچىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چېغىدا، ئىلمىي ماقالە يېزىش ئۈچۈن، ياز-لىقى ئىككى ھامىسىنىڭكىگە كەلگەن ۋە شۇ يەردە كاتيۇشانى تۇنجى قېتىم كۆرگەنىدى. ھاممىلىرىنىڭ قورۇقى موسكۋادىن يىراقتىكى ئىنتايىن خىلۋەت ما-كاندا ئىدى. ھالبۇكى، ھاممىلىرى بۇ مىراسخور جىيە-نىنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى.

نېخليۇدوفنىڭ يازماقچى بولغىنى يەرگە بولغان مۇلۇكچىلىك توغرىسىدىكى ئىلمىي ماقالە ئىدى. ئەينى چاغدا ئۇ سپېنسېرنىڭ نەزەرىيىسىگە ئەسەبىيلەرچە چوقۇناتتى. نېخليۇدوف چوڭ زېمىندارنىڭ ئوغلى ئىدى، ئۇنىڭ ئاتىسى باي ئادەم ئەمەس ئىدى، لېكىن ئانىسىغا تويلۇق ھېسابىدا ئون مىڭ دېسياتىنا چامىسىدا يەر بېرىلگەنىدى. نېخليۇدوف يەرگە بولغان خۇسۇسىي مۇ-لۇكچىلىكنىڭ رەھىمسىزلىكىنى ۋە ئادالەتسىزلىكىنى تۇنجى قېتىم چۈشەندى. ئۇ غايىنى كۆزلەيدىغان، ئەخ-لاق ـ پەزىلەت ئۈچۈن ھەرقانداق قۇربان بېرىشنى خالاي-دىغان قىزغىن ياشلارنىڭ بىرى بولغاچقا، ئاتىسىدىن مىراس قالغان يەرنى قىلچە ئىككىلەنمەستىن دېھقانلارغا تەقسىملەپ بېرىۋەتتى. ئىلمىي ماقالىسىدە يازماقچى بولغىنى دەل مۇشۇ مەسىلە ئىدى.

ئۇ ھاممىلىرىنىڭكىدە ئۆز تۇرمۇشىنى كۆڭۈللۈك ۋە تىنچ ئۆتكۈزدى. سۆيسۈزۈك دەريا سۈيى، بۈك - باراق- سان ئورمان، خۇش پۇراق چېچەپ تۇرغان گۈللۈك ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئۈچىنچى يىللىق ئوقۇغۇچىسى — نېخلىيۇدوفقا شاد - خۇراملىق بەخش ئەتتى. دەسلەپتە، ھاممىلىرىنىڭكىدىكى يېرىم دېدەك، يېرىم تەربىيىلەن- گۈچى، قارا كۆز، ئايىغى يېنىك قىز كاتيۇشاغا دىققەتمۇ قىلمىدى. ئۇ چاغدا نېخلىيۇدوف ئون توققۇز ياشتا بو- لۇپ، تولىمۇ پاك يىگىت ئىدى.

ئىنساننىڭ پەرۋەردىگارنىڭ دەرگاھىغا كەتكەنلىكىنى خاتىرىلەش بايرىمى كۈنى قوشنىسىنىڭ بىرقانچە بالى- سى ئۇلارنىڭكىگە كەلدى، ئۇلار بىرلىكتە چىمەنلىكتە «مۆكىمۆكىلەڭ» ئويناشتى، ئويۇنغا كاتيۇشانىمۇ چاقى- رىشتى. ئويۇن بىرنەچچە قېتىم ئالماشقاندىن كېيىن نېخلىيۇدوف بىلەن كاتيۇشاغا بىللە مۆكۈش نۆۋىتى كەلدى. كاتيۇشا ئۈچقاندەك يۈگۈرۈپ، ھېچكىم دىققەت قىلمايدىغان، سىرىنگۈل توپلىشىپ ئۆسكەن گۈللۈك- نىڭ كەينىگە يوشۇرۇندى ھەمدە نېخلىيۇدوفقا تېز بول، مۇشۇ يەرگە مۆكەيلى، دېگەندەك ئىشارەت قىلدى، نېخلىيۇدوف بۇنى چۈشىنىپ شۇ ھامان كاتيۇشا تەرەپكە يۈگۈردى - دە، ئۆيلىمىغان يەردىن پۇتلىشىپ كېتىپ، ئازگالغا چۈشۈپ كەتتى ۋە قوللىرىنى چاقچاق

چىقمۇۋالدى. كاتيۇشا ئۇچقاندەك بېرىپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى ــ ئۇيۇن قائىدىسى بويىچە بۇ، ئۇتقانلىق ھې-سابلىناتتى. بىراق نېخليۇدوف، كاتيۇشانىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇمغا، ئۇيناپ تۇرغان قارىقاتتەك قاپقارا كۆزلىرىگە قاراپ تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ قوللىرىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ لەۋلىرىگە سۆيدى....

ئەنە شۇ ۋاقىتتىن تارتىپ ئىككىسىنىڭ مۇناسى-ۋىتىدە ئۆزگىرىش يۈز بەردى.

مۇھەببەت گويا قۇياشتەك نېخليۇدوف بىلەن كات-يۇشانىڭ تۇرمۇشىنى يورۇتتى. نېخليۇدوف ئۇنىڭغا دوستويېۋسكىي بىلەن تۇرگېنېفنىڭ ئۆزى تېخى يې-قىندىلا ئوقۇپ تۈگەتكەن ئەسەرلىرىنى بېرەتتى. كاتيۇشا تۇرگېنېفنىڭ «تىمتاس ئېقىن» ناملىق ئەسىرىنى ھەممىدىن بەكرەك ياقتۇردى. نېخليۇدوف ھەمىشە كات-يۇشا بىلەن ياشانغان دېدەك بىللە تۇرىدىغان كىچىك ئۆيگە بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشاتتى. ئەجەبلىنەر-لىكى شۇكى، ياشانغان دېدەك يوق بولۇپ، ئۇلار ئىككى-سى خالىي قالغان چاغلاردا، ئۇلار ئەكسىچە قورۇنۇشۇپ، تارتىنىپ، دېگۈدەك گەپمۇ تاپالمايتتى....

ھامملىرى ئۇلارنىڭ مۇنداق مۇناسىۋىتىنى سېزىپ قېلىپ، چۆچۈپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ جىيەنى، مىراس-خور كىنەز نېخليۇدوف قانداق قىلىپ نىكاھسىز تۇ-غۇلغان بىر قىزنى ــ يېرىم تەربىيىلەنگۈچى، يېرىم

دىدەك سالاھىيىتىدىكى بىر پەسنى ياخشى كۆرۈپ قال-غاندۇ؟ شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار نېخليۇدوفنىڭ چەت ئەلدە تۇرۇۋاتقان ئانىسى، كىنەز ئايىم يېلىنا ئىۋانوۋناغا خەت يېزىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىشتى. ئەمما، نېخلىيۇدوفنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، ئەكسىچە بۇ يولدا تېخىمۇ يىراق-لىشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭغا ھېچنېمە دې-مىدى.

نېخلىيۇدوفمۇ ئەمەلىيەتتە كاتيۇشانى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى تېخى ئېنىق ھېس قىلمىغانىدى، پەقەت ھاممىلىرىنىڭ ئۆيىدىن ئايرىلىش ۋاقتىدا، كاتيۇشا پە-لەمپەيدە تۇرۇپ ياشقا تولغان كۆزلىرى بىلەن ئۇزىتىپ قالغان چاغدىلا، ئۇ گۈزەل، قىممەتلىك، مەڭگۈ قايتۇرۇپ كەلگىلى بولمايدىغان بىر نەرسىسىنى تاشلاپ كېتىۋات-قاندەك ھېس قىلىپ قالدى....

نېخلىيۇدوف ئۆزى كەتكەندىن كېيىن، كاتيۇشانىڭ يۈگۈرگەن پېتى ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ راسا يىغلىغان-لىقىنى تېخى بىلمەيتتى.

9

شۇ قېتىمقى ئايرىلىشتىن كېيىن نېخلىيۇدوف ئۇدا ئۈچ يىلغىچە كاتيۇشا بىلەن كۆرۈشمىدى. بۇ ئۈچ يىل جەريانىدا ئۇ ئۆزگىرىپ، ئەينى چاغلاردىكى نېخلىيۇدوفقا

تۈپتىن ئۇخشىمايدىغان بىر ئادەم بولۇپ قالغاندى.

ئەينى چاغلاردا نېخلىيۇدوف ھەقىقەتەن ھەرقانداق ياخشى ئىشنى قىلىشقا تەييار تۇرىدىغان، پىداكارلىق روھىغا باي، سەممىي، — ۋىجدانلىق ياش ئىدى. ئەمدى-لىكتە بولسا ئۇ ھاياتلىقنىڭ ھۇزۇر - ھالاۋىتىنىلا ياخ-شى كۆرىدىغان، تولىمۇ شەھۋەتپەرەس ۋە مەنپەئەتپەرەس ئادەم بولۇپ قالغاندى. ئۇ چاغلاردا ئاياللار ئۇنىڭغا سىرلىق ۋە مەپتۇن قىلغۇچى مەۋجۇداتتەك كۆرۈنەتتى، ئۇلار سىرلىق بولغانلىقى ئۈچۈنلا، ئادەمنى ئۆزىگە مەپ-تۇن قىلىدۇ دەپ قارايتتى، ھازىر بولسا، ئاياللار ئۇنىڭ نەزەرىدە كۆڭۈل ئاچىدىغان قورالىدىن — ئەمەكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ئۇ چاغلاردا ئۇ پۇلنىمۇ ئانچە لازىم قىلىپ كەتمەيتتى، مانا ھازىر پۇل تۆپەيلىدىن ئانا - بالا ئوتتۇرىسىدا پات - پات كۆڭۈلسىزلىكلەرمۇ يۈز بېرىپ قالىدىغان بولۇپ قالدى...قىسقىسى، ئۇنىڭ «مە-نىۋى مەۋجۇتلۇقى» «جىسمانىي مەۋجۇتلۇق» قا ئۆز-گىرىپ كەتكەنىدى.

نېمىشقا مۇنداق ئۆزگىرىپ كېتىدۇ؟ بىر تەرەپتىن، ئۇ مەنىۋى جەھەتتىكى يۈكسەكلىكنى، ئۇلۇغلۇقنى قوغلىشىش ھەقىقەتەنمۇ بەك، بەكمۇ قىيىن، جاپالىق ئىكەن دەپ قارايدىغان بولۇپ قالدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئەتراپىدىكى مۇھىتنىڭ قۇدرىتى بەكمۇ زور بولۇپ،

ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشقا، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىشقا قۇربى يەتمىدى. مەسىلەن، ئۇ، مۇبادا، تەگرى توغرۇلۇق، ھەقىقەت توغرۇلۇق، بايلىق توغرۇلۇق، نامراتلىق توغرۇلۇق قاتتىق مۇلاھىزە قىلسا، ئەتراپىدىكىلەر ئۇنى مەسخىرە قىلاتتى؛ ئۇ كوّچىلىككە ئوخشاش تېتىقسىز لەتىپىلەرنى سوّزلىسە، تىياتىرخانىلارغا بېرىپ مەسخىرىۋازلارنىڭ ئويۇنلىرىنى كوّرسە، ئەتراپىدىكىلەر ئۇنى ماختىشاتتى، ئىلھاملاندۇراتتى ... دەسلەپتە ئۇ گۇناھسىز ـ پاك، گوّدەكلىكىنى ساقلىغىنىدا، كوّپچىلىك ئۇنى غەلىتە مەخلۇق، دەپ قاراشقانىدى؛ كېيىن ئانىسى ئۇنىڭ بىر خىزمەتدىشىنىڭ ئىلكىدىكى بىر فرانسۇز خانىمنى ئوّزىگە قارىتىۋالغانلىقىنى ئاڭلىغىنىدا، ئۇنىڭدىن قايغۇرمىدى، بەلكى خۇشال بولدى.

ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئەسكەر بولۇپ ئاقسوّڭەكلەردىن تەشكىللەنگەن گۋاردىيە پولكىغا كىردى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ چۈشكۈنلىشىش قەدىمى تېخىمۇ تېزلەشتى، قىلچە ئەيمەنمەي، تېخىمۇ راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇش كەچۈرىدىغان، بۇزۇپ ـ چاچىدىغان بولدى. كۈندىلىك تۇرمۇشى پاك ـ پاكىز، كوّركەم ھەربىي فورمىنى كىيىپ، ھاراق ئىچىش، ئويۇن كوّرۇش، قارتا ئويناش، ئاياللار بىلەن ئەيش ـ ئىشرەت قىلىش بىلەن ئوّتىدىغان بولدى.

ئۈچ يىلدىن كېيىن، ئۇ ھامىمىلىرىنىڭكىگە قايتا كەلگەن ۋاقتىدا، دەل مۇشۇنداق ھالەتتە ئىدى ھەمدە يېقىندىلا ئوفىتسېرلىققا ئۆستۈرۈلگەنىدى.

نېخلىيۇدوفنىڭ بۇ چاغدا ھامىمىلىرىنىڭكىگە چۈ-شۈپ ئۆتۈشىدىكى سەۋەب ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىنقى سەپكە كەتكەن قىسىمغا يېتىشىۋېلىشتا ئۆتىدىغان چوڭ يول ئۈستىدە ئىكەنلىكىدە ئىدى. ھامىمىلىرىمۇ ئۇنىڭ بىر كېلىپ كېتىشىنى ئۆتۈنگەنىدى. ئۇنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، ئەمەلىيەتتە تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇنىڭ كاتيۇ-شانى بىر كۆرۈپ كەتكۈسى بار ئىدى.

ئۇ، شارقىراپ يامغۇر يېغىۋاتقاندا بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى، شۇڭا ئۈستۈبېشى چىلىق-چىلىق سۇ بولۇپ، توڭلاپ كەتكەنىدى. ھامىسى سوفىيە ئۇنى قىزغىن قۇچاقلاپ:

— دەرھال ئۆيگە كىرىپ كىيىمىڭنى ئالماشتۇرۇ-ۋال، كاتيۇشا، ئۇنىڭغا قەھۋە ئەكېلىپ بەر! — دېدى.

نېخلىيۇدوف ھۆل كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ بو-لۇشىغا، بىرسىنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ۋە ئىشىك چەك-كەنلىك ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى-دە، كىمنىڭ كەلگەن-لىكىنى دەررۇلا سەزدى.

بۇ، دېگەندەكلا كاتيۇشا ئىدى. ئۇ ھېلىمۇ ئىلگى-رىكىدەكلا، ھەتتا ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك يېقىملىق

ئىدى.

— خۇش كېلىپسىز، دىمىترىي ئىۋانوۋىچ! — دېدى ئۇ خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي ھوپپىدە قىزار-غان ھالدا.

نېخليۇدوف ئەسلىدە ھاممىلىرىنىڭكىدە پەقەت بىر سوتكىلا تۇرۇشنى پىلانلىغانىدى، لېكىن ئۇ كاتيۇشانى كۆرگەندىن كېيىن، پىلانىنى ئۆزگەرتىپ، پاسخا بايرى-مىنى ھاممىلىرى بىلەن بىللە ئۆتكۈزمەكچى بولدى.

شۇ كۈنى كېچىسى، ئۇ كاتيۇشا بىلەن چېركاۋغا بىرىپ ئەتىگەنلىك ئىبادەتكە قاتناشتى. ئەتىگەنلىكى ئۆيگە قايتىپ كەلگەن نېخليۇدوف كىيىملىرىنىمۇ سالماي كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ ئۇيقۇغا كەتتى. ئى-شىكنىڭ چېكىلگەن ئاۋازى ئۇنى ئويغىتىۋەتتى، ئىشىك چەككۈچى كاتيۇشا بولۇپ، ئۇنى تاماققا چىللاپ كىر-گەنىدى. نېخليۇدوف قەلبىدە قانداقتۇر بىر ھېسسى-ياتنىڭ تاسادىپىي ئويغانغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئىككى قولىنى شارتتىدە سوزۇپلا كاتيۇشانى بېلىدىن قۇچاقلىۋالدى. كاتيۇشا قىزارغىنىچە كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ:

— ئۇنداق قىلماڭ، دىمىترىي ئىۋانوۋىچ، ئۇنداق قىلماڭ ...، — دېدى. نېخليۇدوف ئۇنى قويۇۋەتتى.

ئۇنىڭ ھايۋانىيلىقى ئويغاندى. كاتيۇشانىڭ نومۇ-

سىغا تېگىش ئارزۇسى نېخلىيۇدوفنى تامامەن ئۆز ئىلـ. كىگە ئېلىۋالدى. ئۇ ئەس ـ يادىنى يوقىتىپ، تاكى تۇن نىسبىگىچە كاتيۇشانى ئويلاپ ياتتى. ئۇ كاتيۇشانىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئۇزاققىچە ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئۇنى چا. قىردى. كاتيۇشا بىلەن بىللە ياتىدىغان ياشانغان دېدەك ماترېنا پاۋلوۋنا بىرەر ئىشنى سېزىپ قالغاندەك، كات. يۇشا چىقىپ كېتىشىگە قاتتىق چاقىرىپ ئۇنى قايتۇ. رۇپ كىردى. نېخلىيۇدوف كاتيۇشانىڭ دېرىزىسىنى چې. كىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ ماترېنا پاۋلوۋنانىڭ ئۆيىدىن چىقىۋاتقان خورەك ئاۋازىنى ئاڭلىدى، لېكىن كاتيۇشا. نىڭ ئۆيىدىن ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمايتتى، ئۇ ئۇخلى. مىغانىدى. نېخلىيۇدوف پەس ئاۋازدا «كاتيۇشا!» دېيىشى. گە، كاتيۇشا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئىشىككە كېلىپ، ئۆيىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپلا ئۇنى قايتىپ كېتىشكە دەۋەت قىلدى.

— نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟ ھامىلىرىڭىز ئاڭلاپ قالىدۇ، — دېدى ئۇ تىلىنىڭ ئۇچىدا، لېكىن نېخلىيۇ. دوفنىڭ ھېس قىلىشىچە، ئۇ ئاغزىدا ئۇنداق دېگىنى بىلەن، يۈرىكىدە پۈتۈن ۋۇجۇدى «مېنىڭ بارلىقىم سىزنىڭكى» دېمەكچى بولغاندەك قىلاتتى.

نېخلىيۇدوف ھېچنېمىنى ئاڭلىمايتتى.

— ئىشىكنى ئاچقىن، — دېدى ئۇ، — سەندىن ئۆتۈ.

نۇپ قالاي.

نىخلىيۇدوف بىر قولىنىڭ ئىشىكنىڭ ئىلگىكىنى سىلاشتۇرۇپ ئىزدەۋاتقىنىنى ئاڭلىدى، ئىلگەك شىرىق-قىدە ئېچىلىشىغا، نىخلىيۇدوف ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن غىپپىدە ئۆيگە كىردى.

شۇ تاپتا كاتيۇشا يىرىك ۋە قېلىن رەختتىن تى-كىلگەن ئىچ كىيىم بىلەن بىلەكلىرى ئوچۇق تۇراتتى. نىخلىيۇدوف ئۇنى تۇتۇپ، قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ ئۆز ھۇج-رىسىغا ماڭدى....

تۇن كېچە، كاتيۇشانى ماڭدۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، سىرتتا دەريا تەرەپتە مۇزلارنىڭ يېرىلىپ چارسىلدىغان، بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلۇپ گۈرسۈلدىگەن، پۇشۇلدىغان ئاۋا-زىنى ئاڭلاپ، ئۆزى ھېلى قىلىپ قويغان ئىشىغا ئى-شىنەلمەيلا قالدى. بىراق، ناھايىتى تېزلا ئۆزىنى قايىل قىلىپ:

— مۇنداق ئىشلار بۇرۇندىنلا بار ئىدى، ھەممىلا ئادەم شۇنداق قىلىدىغۇ، — دەپ ئويلىدى ـ دە، كارىۋاتقا چىقىپ ئۇخلاپ قالدى.

ئەتىسى نىخلىيۇدوفنىڭ ھاممىلىرىنىڭكىدە تۇرىد-غان ئەڭ ئاخىرقى كۈنى ئىدى. ئۇنىڭ سىپدىشى، قورۇق سۆلەت بەگزادە شېنبوك ئۇنى ئىزدەپ كەلدى. شۇ كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى ئۇلار بىرلىكتە ئالدىنقى سېپكە ئاتلاندى.

ئۇ كاتيۇشا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى شۇنچىۋالا تېزلا ئاخىرلاشتۇرۇپ قويغىنىغا بىر ـ ئاز ئەپسۇسلاندى. بىراق، يەنە كەتمىسەم بولمايدىغان ئەھۋالدا كەتكىنىمنى تۇزۇك، چۈنكى ساقلاپ قېلىش تەسكە چۈشىدىغان بۇنداق مۇناسىۋەت شۇنىڭ بىلەن بىراقلا ئۈزۈلىدۇ، دەپ ئويلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ «ئادەت بويىچە»، ئۇنىڭغا پۇل بەرسەم توغرا بولاتتى، ئۇنداق قىلمىسام، باشقىلار مېنى «يامان نىيەتلىك ئادەم ئىكەن» دەپ ئويلاپ قالىدۇ، دەپ ئويلىدى.

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئۇ كاتيۇشانى خۇپىيانە ئىزدەپ تېپىپ، يۈز سوملۇق قەغەز پۇل سېلىنغان لىپاپىنى كاتيۇشاغا سۇنۇپ:

— سەن بىلەن خوشلاشماقچى ئىدىم، مە، ئالغىن، — دېدى.

كاتيۇشا ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئۇقۇپ، تەرىنى تۈرگىنىچە ئۇنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋەتتى.

— ياق، ئالغىن، — دېدى نېخليۇدوف لىپاپىنى ئۇنىڭ قويىنىغا تىقىپ قويدى ۋە گويا قولىنى ئوتتا كۆيدۈرۈۋالغاندەك تېزلىكتە ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ پەسكەشلىكىنى سېزىپ قالدى. بىراق، بۇنىڭغا نېمە ئامال؟ ھەممەيلەن ئىلگىرىدىن شۇنداق



قىلىپ كەلگەن. شىنبوكمۇ بىر ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بىلەن مۇشۇنداق ئىش ئۆتكۈزگەن. تاغام گىرىشامۇ شۇنداق ئىش ئۆتكۈزگەن. ھەتتا دادامۇ شۇنداق قىپتىكەن، يېزىدا تۇرغان چېغىدا تېخى ئۇ بىر دېھقان قىزىدىن بىر ئوغۇللۇقمۇ بوپتىكەن.... نېخليۇدوف ئالىيجاناب، دۇرۇس – توغرا بىر ئادەم سۈپىتىدە مەردانىلىك بىلەن ياشاش ئۈچۈن، بۇ ئىشنى ناھايىتى تېزلا ئۇنتۇپ كېتىش كېرەك دەپ ئويلىدى.

جىددىي ھەربىي تۇرمۇش ئۇنىڭغا ھاممىلىرىنىڭكىدە ئۆتكۈزگەن رومانتىك بىر كېچىنى ھەقىقەتەن ئۇنتۇلدۇردى. ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئۇ يەنە ھاممىلىرىنىڭكىگە چۈشۈپ ئۆتتى. لېكىن ئۇ كاتيۇشانىڭ بۇ يەردە يوقلۇقىنى، ئۇ كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، كاتيۇشانىڭ يەڭگىش ئۈچۈن ھاممىلىرىنىڭكىدىن كەتكەنلىكىنى، كېيىن قەيەردىدۇر يەڭگىگەنلىكىنى، ھاممىلىرىنىڭ ئاڭلىشىچە، ئۇنىڭ تامامەن بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكىنى ئۇقتى. نېخليۇدوفنىڭ ھاممىلىرى كاتيۇشانى ئۆز ئانىسىغا ئوخشاشلا تۇغما بۇزۇق ئىدى دېيىشتى.... ئۇنىڭ يەڭگىگەن ۋاقتىدىن قارىغاندا، بالا ئۇنىڭ بولۇشى كېرەك ئىدى، شۇڭلاشقا ئۇنىڭ يۈرىكى سىقىلدى. بىراق، ھاممىلىرىنىڭ ھۆكۈمى ئۇنى مەسئۇلىيەتتىن خالاس قىلغاندەك بولدى، ئۇ ۋىجدانىنىڭ

ئەيىبلىشىدىن قۇتۇلۇپ قالدى....

## 10

زاسىپداتىللار مۇزاكىرىنى باشلىۋەتتى.

ئەر مۇلازىمەتچى سىمون كارتىنكىنغا قارىتا، كۆپ-چىلىك ئاساسەن بىردەك زەھەرلەپ ئادەم ئۆلتۈرگەن ۋە ئوغرىلىق جىنايىتى ئۆتكۈزگەن، دەپ بېكىتتى.

ئايال مۇلازىمەتچى يېۋفىمىيە بوچكوۋاغا قارىتا، كۆپچىلىك بىردەك ئۇ زەھەر سېلىشقا قاتناشمىغان، لېكىن ئوغرىلىق جىنايىتى ئۆتكۈزگەن، يەنى سىبىرد-يىلىك سودىگەرنىڭ 2500 رۇبلىسىنى ئوغرىلىغان، دەپ بېكىتتى.

ماسلوۋاغا قارىتا كۆپچىلىكنىڭ ئىختىلاپى ناھايىتى زور ئىدى. بىر سودىگەر ئىشقىۋازلىق مۇددىئاسىدا ماسلوۋانى كۆچىنىڭ بارىچە ئاقلىدى، بىراق، ئۇنىڭ ئاقلىشى تولىمۇ قوپال ئىدى. ئارمىيىدە شاگىشىياۋ بول-غان باش زاسىپداتىل ئۆزىنىڭ ھەسەتخورلۇقى ۋە ئۆچ-مەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئۇنى زەھەر بېرىپ قا-تىللىق قىلىش جىنايىتىنى ئۆتكۈزدى، ئۇنىڭ ئۈستىدە، ئۇنىڭدا سودىگەرنىڭ ئاچقۇچى بولغان ئىكەن، دېمەك، ئۇ ئوغرىلىق جىنايىتىنىمۇ ئۆتكۈزدى، دېگەن پىكىردە چىڭ تۇردى. نېخلىيۇدوف ئۇلارغا رەددىيە بەرمەكچىمۇ

بولدى، لېكىن سۆزلىگەن هامان باشقىلارنىڭ ئۈنىڭ ماسلوۋا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ھەم قىزىرىپ، ھەم تاتىرىپ كەتتى. ئويلىمىغان يەردىن، نېخليۇدوف كۆزگە ئىلماي كەلگەن، ئاددىي خەلقتىن كېلىپ چىققان ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى پېتر گراسىموۋىچ كۆچلۈك لوگىكىلىق تەھلىل يۈرگۈزۈپ مۇنداق دېدى:

— ئۇنىڭ قولىدا ئاچقۇچ بارلىقىدىن ئىبارەت نوقۇل ئىشقا قاراپلا يەكۈن چىقىرىشقا بولمايدۇ، ئەجەبا، ئىككى مۇلازىم شۇنىڭغا ئوخشاش ئاچقۇچ ياسىيالماسمۇ؟! زور كۆپچىلىك كىشىلەر ئۇنىڭ قارىشىغا قوشۇلدى. گەپ ئۇنىڭ زەھەر بېرىپ قاتىللىق قىلىش مەسىلىسىگە كۆچكەندە، سودىگەر:

— ئۇنىڭدا ئادەم ئۆلتۈرۈش غەرىزى يوق، — دېدى. بۇنىڭغا كۆپچىلىكمۇ قوشۇلدى. باش زاسېداتېل بولسا، ئۇنى مۇنداق جىنايەت ئۆتكۈزمىدى دەپ قاراشقا بولمايدۇ، دېگەن سۆزىدە چىڭ تۇردى ھەمدە قېيىنىسىنىڭ خوتۇنىنىڭ قانداق قىلىپ ئەپيۇن يەپ ئۆلۈۋالماقچى بولغانلىقىنى ھېكايە قىلىشقا باشلىدى .... كۆپچىلىك ئاڭلاشتىن بىزار بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن يەنە دەتالاش قىلىشنى خالىمىدى. ئەڭ ئاخىرقى يەكۈن مۇنداق بولدى: ماسلوۋا زەھەرلەپ قاتىللىق قىلىش جىنايىتى ئۆتكۈز-

گەن، لېكىن ئۇنىڭ پۇل ـ بايلىق ئوغرىلاش نىيىتى يوق، ئوغرىلىق قىلمىغان.

سائەت تۆت بولاي دەپ قالدى، ھەممەيلەن شۇ قەدەر ھارغان، بېشى شۇ قەدەر قايغان ئىدىكى، بۇ ئىشنى بالدۇرراق ئاخىرلاشتۇرۇشنىلا ئويلايتتى. ئەنە شۇنداق يېزىلىپ، سوت زالىغا يوللىۋېتىلدى. ئۇ قاتىللىق قىلىش غەرىزىدە بولمىغان، دېگەن بىر جۈملە قوشۇپ قويۇش ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمىدى. دەل مۇشۇ پەيتتە گراسىموۋنىڭ يوق بولۇپ قالدى.

نېخلىيۇدوف تولىمۇ ھاياجانلىنىپ كەتتى. ئۇ، ماسلوۋا گۇناھسىز، دەپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ دەپ ئويلاپ، قەلبىمۇ ئارام تېپىپ قالدى....

كوللېگىيە باشلىقى زاسېداتىللارنىڭ پىكىرلىرىنى قولىغا ئېلىپ ئىنتايىن ئەجەبلىنىپ:

ـــ بۇنىڭغا قارالىڭ، ئۇلار مانا مۇشۇنداق بىمەنە يەكۈننى ئېلىپ كېلىشەمدۇ؟ــ دېدى سول تەرىپىدىكى سوراقچىغا،ــ بۇــ ئۇنى سۈرگۈن قىلىپ ئېغىر ئىشقا سېلىش كېرەك، ئەمما ئۇنىڭ گۇناھى يوق دېگەن سۆز، زاسېداتىللارنىڭ پىكىرلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش كېرەك!

ـــ ئۇ قانداقسىگە گۇناھسىز بولىدۇ؟ ـــ دېدى قاتتىق قول سوراقچى.

— سىز قانداق قارايسىز؟ — دېدى كوللېگىيە باشلىقى ئاق كۆڭۈل سوراقچىدىن.

ئاق كۆڭۈل سوراقچى ئۆز ئالدىدا تۇرغان ھۆججەتلەرنىڭ نومۇرلىرىغا قارىدى، ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە قوشتى، لېكىن قوشۇلما ئۈچكە قالدۇقسىز بۆلۈنمىدى، ئۇ ئەسلىي قالدۇقسىز بۆلۈنسە قوشۇلاي، دەپ ئويلىغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ دىلى يۇمشاق ئادەم بولغاچقا، كوللېگىيە باشلىقىنىڭ پىكرىگە يەنىلا قوشۇلدى.

قاتتىق قول سوراقچى قەتئىي قارشى تۇردى. ئۇ:

— جىنايەتچىلەرنى ئاقلاشقا ھەرگىز بولمايدۇ، — دېدى.

— ئەپسۇس، لېكىن نېمە ئىلاج؟ — دېدى كوللېگىيە باشلىقى يەنە تالىشىپ ئولتۇرۇشقا ئېرىنگەن ھالدا باش زاسېداتېلنى پىكىرلەرنى ئوقۇشقا بۇيرۇپ. سورۇندىكى بارلىق خىزمەتچىلەر ئاڭلاپ ھاڭ ـ تاڭ قېلىشتى. ئەسلىدىلا ماسلوۋانى جازاغا تارتىش نىيىتىدە بولۇپ كەلگەن تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ ياردەمچىسى ئىچ ـ ئىچىدىن خۇيپىيانە خۇشال بولدى. ئۇ، ئۈچ جىنايەتچىگە ئەڭ قاتتىق جازا بېرىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

سوتچىلار ھۆكۈمنى مەسلىھەتلەشتى. گراسىموۋنى نېخليۇدوفنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— بىز بىپەرۋالىق قىلىپ «ئۇ قاتىللىق قىلىش

غەرىزىدە بولمىغان» دېگەن سۆزنى يېزىشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىمىز تۈپەيلىدىن، ماسلوۋاغا يەنە جازا ھۆكۈم قىلىنىدىغان بولدى...، — دېدى. نېخليۇدوف بۇنىڭغا ئىشەنمەيلا قالدى. نېخليۇدوف جاھىللىق بىلەن بۇنى ھېلىمۇ تۈزەتكىلى بولىدۇ، دەپ قارىدى.

رەسمىي ھۆكۈم ئېلان قىلىندى. گراسىموۋىچ ئېيتقاندەك، كوللېگىيە باشلىقى راستتىنلا ھۆكۈم چىقاردى:

— مەلۇم يىلى مەلۇم ئاينىڭ مەلۇم كۈنى، يەرلىك سوتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى خان ئالىيلىرىنىڭ پەرمانىغا بىنائەن، زاسېداتېل جانابلارنىڭ كېسىمىگە ئاساسەن، جىنايى ئىشلار دەۋا تەرتىپى قانۇنىنىڭ مانچىنچى ماددا، مانچىنچى تارمىقى، يەنە مانچىنچى ماددا، مانچىنچى تارمىقى بويىچە تۆۋەندىكىچە ھۆكۈم قىلىندۇ: دېھقان سىمون كارتىنكىن، مىشچانكا يېكاتىرىنا ماسلوۋا پۇقرالىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنىپ سىبىرىيىگە ئەۋەتىلىپ، كارتىنكىنغا سەككىز يىللىق، ماسلوۋاغا تۆت يىللىق ئېغىر ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلسۇن، مىشچانكا يېۋفىمىيە بوچكوۋاغا ئۈچ يىللىق قاماق جازاسى بېرىلسۇن، تۈرمىگە يالاپ ئېلىپ بېرىلىپ ئىجرا قىلىنسۇن!...

ماسلوۋا ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتى.

— مەن گۇناھكار ئەمەس، گۇناھكار ئەمەس! — زالدا



ئۇنىڭ نالىلىق يىغا ساداسى ئاڭلاندى، — بۇ ماڭا ئۇۋال قىلغانلىق، راست ئېيتىمۋاتىمەن! — دەپ ۋارقىرىدى ماسلوۋا. كارتىنكىنى بىلەن بوچكوۋا چىقىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇ ئورنىدا ئولتۇرۇپ يىغلاۋەردى. شۇڭا، ژاندارما ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ يېڭىدىن تارتتى....

— ياق، بۇ دېلونى بۇنداق ئاخىرلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ، — دەپ ئويلىدى نېخليۇدوف ۋە كوللېگىيە باشلىقىنى ئىزدەپ باقماقچى بولدى.

كوللېگىيە باشلىقى سوت مەھكىمىسىنىڭ دەرۋازىسىغا چىقىپ بولغانىدى. نېخليۇدوف ئۇنى توسۇپ، ھېلىلا ھۆكۈم ئېلان قىلىنغان دېلو توغرىسىدا سۆزلەشكە باشلىدى. كوللېگىيە باشلىقى كۆز ئالدىدىكى كىنەزنى تونۇپ قالدى، ئۇلار ئىلگىرى مەلۇم سورۇندا كۆرۈشكەن، يەنە كېلىپ، شۇ قېتىم ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئوينىغانىدى. ئۇ شۇ قېتىمقى گۈزەل ئەسلىمىدىن ھوزۇرلىنىپ، نېخليۇدوفنىڭ سۆزىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلىدى.

نېخليۇدوف ئۆز قاراشلىرىنى ئېيتتى. كوللېگىيە باشلىقى:

— بىراق بۇنى دەل زاسېداتىللارنىڭ بىپەرۋالىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان، — دېدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ سوتتا

زاسېداتىللارنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇشنى ئويلىغان، بىراق، يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىپ، ۋاقتىمىغا دەخلى يەتكۈزۈپ، ئۇچرىششىمىغا تەسىر يەتكۈزمىسۇن دەپ ئويلاپ بولدى قىلغانىدى.

— شۇنداقمۇ بولغاندۇ، لېكىن بۇ خاتانى تۈزەتكىلى بولماسمۇ؟

— نارازىلىق ئەرزى سۇنۇش ئۈچۈن ھامان باھانە تاپقىلى بولىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئادۋوكات تېپىشقا توغرا كېلىدۇ، — دېدى كوللېگىيە باشلىقى قالپىقىنى ئوڭ-شاپ كىيىپ دەرۋازىغا قاراپ ماڭغاچ.

نېخليۇدوف ماسلوۋا ئۈچۈن ھەققانىيەتنى قايتۇرۇپ كېلىش ئىرادىسىگە كەلدى. ئېھتىمال، مۇشۇنداق قىلىغاندىلا، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى گۇناھلىرىنى يەڭگىللى-تەلىشى مۇمكىن.

توغرا كېلىپ قالغىنىنى قارالىڭ، ئۇ سوت مەھكە-مىسىدىن چىقماي تۇرۇپلا مەشھۇر ئادۋوكات فانارىن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. نېخليۇدوف دېلو ئەھۋالىنى قىسقىچىلا تونۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ياردەم قىلىشىنى ئۆ-تۈندى. فانارىن بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپمۇ كەتمەي، تەم-كىنلىك بىلەن ماقۇل بولدى ـ دە، نېخليۇدوفقا:

— پەيشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئالتىدە

مېنىڭ ئۆيۈمگە كېلىڭ، تەپسىلىي سۆزلىشەيلى، — دېدى نېخلىيۇدوف يېنىك تىن ئالدى.

ئۇ كورچاگىنلارنىڭ ئۆيىدە بولىدىغان زىياپەتنى شۇ چاغدىلا يادىغا ئېلىپ، يانچۇق سائىتىگە قاراپ قويىدى، ھېلىمۇ كېچىكمەپتۇ. ئۇ كۆركەم بىر كىرا پەيتۇنىغا ئولتۇردى ـ دە، ئۇنى مىنۇتتىن كېيىن چىراغلار چاقناپ تۇرغان كورچاگىنلار سارىيى ئالدىغا يېتىپ كەلدى.

## 11

كورچاگىنلار ئائىلىسىدىكىلەر تاماق ئۈستى‐لىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقانىدى. كىنەز ئايىملار ئادىتى بويىچە تاماقخانىدا تاماق يېمىگەنىدى. بۇ يەردە تاماق يەۋاتقانلار يەنىلا قېرى كورچاگىن، كىنەز قىز مىسسى، ئۇنىڭ ئىنىسى، يەنە بىرنەچچە يېقىن دوستلاردىن ئى‐بارەت ئىدى. نېخلىيۇدوف كېچىككەنلىكى ئۈچۈن ئەپۇ سوراپ، مىسسى بىلەن 40 ياشلاردىكى بىر قېرى قىز‐نىڭ ئارىلىقىدا ئولتۇردى.

ئائىلە باشلىقى، كىنەز قېرى كورچاگىن نېخلىيۇ‐دوفنى قىلچە يات كۆرمەي، داستىخانغا ئولتۇرۇشقا بى‐شارەت بەردى. ئېھتىمال، ئۇ كۆڭلىدە كېلىپ چىقىشى

ئۆزىگە ئوخشاش ئاقسۆڭەك، باي نېخلىيۇدوفنى ئاللىـ.
بۇرۇن ئۆزىنىڭ بولغۇسى كۆيئوغلى دەپ قارىسا كې-
رەك.

بۇ ئائىلىنىڭ داستىخىنى بۇرۇنقىدەكلا ئالىي نازۇ نېمەتلەر بىلەن تولغانىدى، سورۇندا دەبدەبىلىك پاراڭلار قىلىنماقتا ئىدى. لېكىن بۈگۈن سوت مەھكىمىسىدىن، ھېلىقىدەك بىر دېلو بېجىرىلگەن يەردىن كەلگەن نېخلىيۇدوفنىڭ قىلچىمۇ كەيپى يوق ئىدى. بۇ يەر تۇ-يۇقسىزلا ئۇنىڭغا يات بىلىندى، چىدىغۇسىز بىزارلىق ھېس قىلدى. ئۇ ئۆزى ئادەتتە كۆرۈپ ئادەتلەنگەن قېرى كورچاكىنىڭ تىرىكتاپ ھالىتىگە ۋە قوپال، ئاچكۆز-لەرچە تاماق يەۋاتقان تۇرقىغا قاراپ، ئۇ بۇرۇن بىر را-يونغا باشلىق بولۇپ تۇرغان چېغىدا، ھەمىشە سەۋەب-سىزلا پەرمان چۈشۈرۈپ خەقلەرنى ئۇرغۇزغان، ھەتتا دارغا ئاستۇرغانلىقى ھەققىدىكى ئىلگىرى ئاڭلىغان خەۋەرلەرنى بۈگۈن تاسادىپىي ئەسلەپ قالدى....

تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن، نېخلىيۇدوف يەنە نا-ئىلاج مىسسىغا ئەگىشىپ ئۆز بۆلمىسىدە يالغۇز غىزا-لىنىۋاتقان كىنەز ئايىم بىلەن كۆرۈشكىلى ماڭدى. يە-نىلا بىر دۆۋە ساختا سۆزلەر، ئۆزئارا تەكەللۇپ قىلىش-لار، مەدەنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە سىپا-يىگەرچىلىك قىلىشلاردىن كېيىن، كىنەز قىزى

نېخلىيۇدوفنىڭ كەيپىياتىنىڭ تۆۋەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇ-نىڭدىن يېنىشلاپ بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراۋېردى. يۈگەن سېلىنىپ هارۋىغا قېتىلىشقا تەييارلىنىۋاتقان ئات ئۆ-زىنى قانداق هېس قىلىدىغان بولسا، نېخلىيۇدوفمۇ ئۆ-زىنى خۇددى شۇنداق هېس قىلدى.

ئۇ بۇ خىل كەيپىياتنى ئۆز ئۆيىگە قايتۇرۇپ كەل-دى.

خىزمەتكار ئۇنىڭ كەچكى تامىقىنى ئاللىقاچان تەييارلاپ قويغانىدى، هالبۇكى، ئۇ ناهايىتى تېزلا ئايال خىزمەتكارنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ قالدى، لېكىن نېمە ئىش بارلىقىنى بىلەلمەي قالدى. بىراق، ئۇ ئۆزى-نىڭ بىردەم تىنچ ـ ئازادە يالغۇز تۇرۇشىنى خالايتتى، شۇڭا ئۇ مېھمانخانىغا كىرىپ، ئىشىكنى يېپىپ قويدى. بۇ مېھمانخانا بۇنىڭدىن ئۈچ ئاي ئىلگىرى ئۇنىڭ ئانى-سى جان ئۈزگەن جاي ئىدى. شۇ تاپتا نۇر قايتۇرغۇچ ئەينەكلىك ئىككى چىراغ ئايرىم ـ ئايرىم هالدا دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ سۈرىتىنى يورۇتۇپ تۇراتتى، ئانىسى-نىڭ سۈرىتىنى بىر مەشھۇر رەسسام بەش مىڭ رۇبلى هەق ئېلىپ سىزىپ بەرگەنىدى. سۈرەتتە ئانىسى مەيدى-سى ئوچۇق قارا مەخمەل كۆڭلەك كىيىپ تۇراتتى. ئە-مەلىيەتتە، بۇنىڭدىن ئۈچ ئاي ئىلگىرى، ئۇ خۇددى مۇ-

مىيادەك قىتىپ مانا مۇشۇ خانىدا ياتقانىدى. شۇ چاغدا بۇ ئۆيىنى ھەرنېمە قىلىپ باسقىلى بولمايدىغان، كى-شىنىڭ كۆڭلىنى ئىلەشتۇرىدىغان ئاجايىپ بىر پۇراق قاپلاپ كەتكەنىدى. ئارقىدىن نېخليۇدوف يەنە ئانىسىنىڭ ۋاپات بولۇشتىن بىر كۈن ئىلگىرى ياداپ ئۇگىلىرى چىقىپ، قارىداپ كەتكەن قوللىرى بىلەن ئۆزىنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ: «ئەگەر خاتا قىلغان يەرلىرىم بولسا، مېنى ئەيىبكە بۇيرۇما...» دېگەنلىكىنى ئەسلىدى. مەيدى-سى ئوچۇق سىزىلغان بۇ رەسىم كۆرەك يەنە بىر ياش ئايالنى ئۇنىڭ يادىغا سالدى، بىر كۈنى نېخليۇدوف ئۇ-نىمۇ مۇشۇنداق مەيدىسى ئوچۇق ھالەتتە كۆرگەنىدى. بۇ ئايال مىسسى ئىدى. ئۇ تانسا كېچىلىكىگە كىيىپ با-رىدىغان كۆڭلىكىنى نېخليۇدوفقا كۆرسىتىش باھانىسى بىلەن بىر، كەچقۇرۇنلۇقى ئۇنى ئۆز ئۆيىگە چاقىرغانى-دى....

شۇ ئارىلىقتا ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا يەنە ماسلوۋانىڭ سىماسى ۋە سەل ـ پەل ئەلەسرەك كەلگەن قارا كۆزلىرى گەۋدىلەندى، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق ئۇچرىشىشىنى، شۇ چاغدا ئۆزىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان ھايۋانلارچە شەھۋانىي نەپسىنى ھەمدە كېيىنكى ئۇمىدسىزلىكىنى، شۇنىڭدەك كاتيۇشانىڭ ھاۋارەڭ لېنتىلىق ئاق كۆڭلىكىنى، شۇ كۈندىكى ئە-

تىگەنلىك ئىبادەتنى ... كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. شۇنداق، ئەينى چاغدا ئۇ ئۇنى ھەقىقەتەنمۇ ياخشى كۆرۈپ قالغا-نىدى! مەسۇم-پاك كاتيۇشادىن ئەتراپىدىن پاھىشىۋازلار چۆرگىلەپ كېتەلمەيدىغان پاھىشە ماسلوۋاغىچە بولغان ئۆزگىرىشنى كىچىك دېگىلى بولمايتتى؛ بىراق، ئۆزىچۇ، ئەينى چاغدىن ھازىرغىچە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىش تېخىمۇ زور ئەمەسمۇ؟ ئۇ شۇ چاغدا جۇشقۇن، ئاق كۆڭۈل، سە-مىمىي، جەمئىيەتتىكى رەزىللىكلەرگە قارشى ئۇرۇش جاكارلاشقا جۈرئەت قىلالايدىغان ياش ئىدى. ھالبۇكى، بۈگۈنكى كۈندە چۈشكۈنلۈككە تەن بېرىپ، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ساختىلىق پاتقىقىغا بارغانسېرى پېتىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتالمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالدى. «بىر چاغلاردا ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن ئايالنى تاشلاپ قويالمايمەن. ئۇنى ئەسلىدە بېرىلىشكە تېگىشلىك بول-مىغان ئىغىر ئەمگەك جازاسىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئادۋوكاتقا پۇل بېرىپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلەنسەم بول-مايدۇ، خۇددى ئەينى ۋاقىتتا قىلغىنىمدەك، پۇل بېرىپ ئۆز گۇناھىمنى يۇيۇشۇممۇ مۇمكىن ئەمەس....»

نېخليۇدوف بىر مەزگىل ۋاقىت ئۆتكەندە بىر قې-تىم «روھنى تازىلاش»قا ئادەتلەنگەنىدى. بىراق، كې-يىنچە ئېزىتقۇ ئۇنى بويسۇندۇردى، ئۇنى سۇسلاشتۇردى.

روھىي دۇنياسىدا يىغىلىپ قالغان ئەخلەت ـ چاۋار بار-
غانسېرى كۆپەيدى. بۇگۈن ئۇ تاسادىپىي ھالدا تەڭرىنىڭ
مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلىپ، ئۆزىنى يەنە يېڭىۋاشتىن
تونۇدى، ئۆتمۈشتىكى ھېلىقى «مەنىۋى ئادەم»نى يېڭى-
ۋاشتىن تېپىپ كەلدى.

— ئەي تەڭرىم، ماڭا ياردەم قىلغىن، ماڭا يول
كۆرسەتكىن، قەلبىمدىكى جىمىكى ئىپلاسلىقلاردىن
خالاس قىلغىن!

ئۇ ئۆزىگە ئۆزى شۇ گەپلەرنى قىلغان چېغىدا، ئۇ-
نىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا لىق تولدى. ئۇ ھەم روھى-
نىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىدىن شادلاندى، ھەم ئۆزىنىڭ
مۇشۇلارنى ئويلىيالىغانلىقىدىن ھاياجانلاندى....

## 12

ماسلوۋا كەچ سائەت ئالتىدە ئۆز كامېرىغا يېنىپ
كەلدى.

ئۇ، سوراقنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ مۇنداق بولىدىغانلىقى-
نى ھەرگىزمۇ خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. ھال-
بۇكى، سوت مەھكىمىسىدىكى كىشىلەر شۇنداق رە-
ھىمسىز ئىدىكى، ماسلوۋانىڭ يىغلاپ تۇرۇپ «ماڭا ئۇ-

ۋال بولدى» دەپ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، بىرمۇ ئادەم ئۇنىڭغا ئازراقمۇ ھېسداشلىق قىلىپ قويمىدى. نېمە مەقسەتتە ئىكەنتاڭ، پاھىشىخانىنىڭ ئايال خوجايىنى قانۇن ساقچىسى ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئۈچ رۇبلى ئەۋەتىپتۇ. ماسلوۋا سائەت تۆتتىن ئاشقاندا يالاپ ئېلىپ كېتىلدى. ئۇ يولدا يالاپ ماڭغۇچى ئەسكەرلەر ئارقىلىق بولكا ۋە سىگارت سېتىۋالدى...

بۇ كامېرغا ئون ئىككى ئايال، ئۈچ بالا بولۇپ جەمئىي ئون بەش ئادەم قامالغانىدى.

بۇگۈلۈكتە ئىككى ئايال ياتاتتى: ئۇلاردىن بىرى كىملىكى بولمىغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنغان گومۇش ئايال ئىدى؛ يەنە بىرى ئوغرىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن تۇتۇلغان ئايال بولۇپ، ئۇ ئۆپكە كېسىلى بىلەن ئاغرىغانلىقى ئۈچۈن، ھەمىشە يۆتىلىپ كەتمەسلىككە تىرىشاتتى. يېڭىنە ئىشى قىلىۋاتقان ئۈچ ئايالنىڭ بىرى بۇگۈن ئەتىگەن ماسلوۋانى ئۇزىتىپ قويغان موماي كورابلېۋا بولۇپ، ئۇ تەرى تۇرۇك، يۈزلىرىنى قورۇق بېسىپ كەتكەن ئايال ئىدى. ئۇ ئېرىنى ئۆز قىزىغا ھايۋانلارچە غىلجىڭلىق قىلىۋەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئاچچىقىدا پالتا بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرگەنلىكى تۈپەيلىدىن ئېغىر ئەمگەك جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانىدى. ئۇ كامېرنىڭ ئاقساقىلى تۇرۇقلۇق، ئوغرىلىقچە ھاراق ساتاتتى. يەنە

بىرى تۆمۈرىيول قاراۋۇلىنىڭ ئايالى بولۇپ، پويىز كې-لىدىغان چاغدا بەلگىلىمە بويىچە بايراق كۆتۈرۈپ چىق-مىغانلىقى، ئاقىۋەت پويىز ھادىسىگە ئۇچرىغانلىقى ئۈ-چۈن، ئۈچ ئايلىق مۇددەت بىلەن قاماققا ھۆكۈم قىلىن-غانىدى. ئۈچىنچىسى فېدوسىيە ئىدى، ئۇ ياش ۋە كې-لىشكەن، بالىلارنىڭكىدەك چاقناپ تۇرىدىغان كۆكۈش كۆزلۈك ئايال بولۇپ، تېخى ئون ئالتە ياشقا كىرگەن ۋاقتىدىلا ياتلىق قىلىنىپ، تويى بولغان چاغنىڭ ئۆزى-دىلا ئېرىنى زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرمەكچى بولغاچقا، قولغا ئېلىنغان، بىراق كېپىللىككە ئېلىپ چىقىلىپ سوت قىلىنغۇچە بولغان سەككىز ئاي جەريانىدا، ئۇ ئېرى بىلەن يارىشىپلا قالماي، ئۇنى چوڭقۇر ياخشى كۆرۈپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا يەنىلا سىبىرىيىگە سۈرگۈن قىلىپ ئېغىر ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلگەنىدى. فېدوسىيە ماسلوۋانىڭ ئەڭ ياخشى دوستى ئىدى. بۆگ-لۈكتە يەنە ئىككى ئايال بىكار ئولتۇراتتى: ئۇلاردىن بىرى، يېشى قىرىقلارغا بېرىپ قالغان ئايال بولۇپ، ساقچى ئىدارىسى ئۇنىڭ جىيەنىنى ناھەق تۇتۇپ ماڭ-غاندا، ئۇ بىرىنچى بولۇپ جىيەنىنىڭ ئېتىنىڭ تىز-گىنىگە ئېسىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن، تۇتۇپ ئېلىپ كې-لىنگەنىدى. يەنە بىرى چاچلىرى ئاپئاق ئاقارغان، بېلى سەل مۈكچەيگەن موماي بولۇپ، ئوغلى بىلەن ئىككىسى

ئوت قويغان دەپ ئەيىبلىنىپ تۇتۇپ كېلىنگەنىدى. ھازىر بۇ موماي ھەم ئەرلەر كامېرىدىكى ئوغلىدىن ئەنسىرەيتتى، ھەم يەككە - يېگانە ھالدا ئۆيدە قالغان بوۋىقىنى پەت بېسىپ كەتكەنمىدۇ دەپ ئەنسىرەيتتى....

قۇلۇپ شاراقلاپ، ماسلوۋا كامېرغا كىرگۈزۈلۈشكە ھەممەيلەن بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قارىدى. ئۇ گەپ - سۆز قىلماي، جىمجىتلا ئۆز كارىۋىتىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ كورابلېۋانىڭ يېنىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. كورابلېۋا يىڭنىسىنى قېلىن كاناپقا سانجىپ قويۇپ، كۆزەينىكىنىڭ ئاستىدىن سوئال نەزەرى بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى:

— ئوھۇ! يېنىپ كەپسەن - دە، مەن تېخى سېنى ئاقلىنىپ قويۇپ بېرىلدىمىكىن دەپتىمەن، ئۇزايىدىن قارىغاندا، قاماققا كېسىم قىلغان ئوخشايدۇ - ھە.

— ساڭا راستىنلا جازا كېسىم قىلدىما؟ — سورىدى فېدوسيە ئېچىنىش بىلەن يىغلىۋېتىدىغاندەك قىلىپ، — تېخىچە تاماقمۇ يېمىگەنسەن، تايىنلىق؟

ماسلوۋا جاۋابمۇ بەرمەي، كىيىملىرىنى يېشىشكە باشلىدى.

دوك موماي بىلەن كىچىك بالىمۇ ئۇنىڭغا يېقىن كەلدى ۋە:

— چىك، چىك، چىك! — دېدى ئۇ ئىچ ئاغرىتىپ،

كىچىك بالا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ماسلوۋا ئېلىپ كەلگەن ئاق بولكىلارغا تىكىلىپ تۇرۇپ قالدى. ئالدىغا كېلىپ ھېيداشلىق قىلىۋاتقان تەقدىرداشلىرىنى كۆر- گىنىدە، پۈتۈن بىر كۈن شۇنچە ئىشلارنى باشتىن كە- چۈرۈپ كەلگەن ماسلوۋا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى.

— سېنىڭ ئىشىڭ زادى قانداق بولۇپ كەت- تى؟ — دەپ سورىدى كورابلېۋا. ماسلوۋا جاۋاب بەرمەكچى بولدىيۇ، لېكىن گەپ قىلالمىدى. ئۇ يىغلاپ ئولتۇرۇپ بولكىلارنىڭ ئىچىدىن تاماكىنى ئېلىپ كورابلېۋاغا بىر تال ئۇزاتتى. ماسلوۋا تاماكىنى ئارقىمۇئارقا قاتتىق شورىدى ۋە ئۆكسۈپ يىغلىغىنىچە:

— ئېغىر ئەمگەك جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى ... تۆت يىل! ... — دېدى.

— خۇدادىنمۇ قورقمايدۇ، بۇ خۇدا ئۇرغۇر قانخور- لار، — دېدى كورابلېۋا.

تۆمۈريول قاراۋۇلىنىڭ خوتۇنى ماسلوۋا يۇرلەپ يەرگە تاشلىۋەتكەن تاماكىنى ئېلىپ، ئۇنى قايتىدىن تۇزلەپ ئۇنىڭغا بېرىپ:

— قىزىم، «ھەقىقەتنى توڭگۇز يەپ كەتكەن» دېگەن گەپ راست ئوخشايدۇ، ھېلى تېخى كورابلېۋا ئۇنى قو-

يۇۋېتىدۇ، دېۋېدى، مەن ياق، قويۇۋەتمەيدۇ، جىگىرىم، كۆكلۈم سېزىپ تۇرىدۇكى، ئۇنىڭ بېشىغا چىقىدۇ ئۇ-لار، دېگەنىدىم، ھەي بىچارە قىزچاق، — دېدى.

بۇ چاغدا ماسلوۋانىڭ توساتتىن ھاراق ئىچكۈسى كېلىپ قالدى. ئۇ ئاق بولكا ئىچىدىن پاھىشىخانا خو-جايىنى بەرگەن رۇبلىنى چىقىرىپ كورابلېۋاغا بەردى. كورابلېۋا گويا سېھىرگەرلەردەك مەشنىڭ كانىيىدىن بىر بوتۇلكا ھاراقنى ئالدى. ماسلوۋا كورابلېۋا بىلەن «سە-تەڭ» لەقەملىك يەنە بىرىنى ھاراق ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى. بۇ ئۇچ مەھبۇس ئايال قولىدا ئاز- تولا پۇلى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۇستىگە بارى- يوقىنى ھەممەيلەن بىللە تەڭ بۆلۈشۈپ يېگەچكە، ئايال مەھبۇسلار كامې-رىنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى ھېسابلىناتتى.

فېدوسىيە ماسلوۋاغا ئېلىپ قويغان چاينى ئالدى. گەرچە ئاق چەينەك پايتەمىغا ئوراپ قويۇلغان بولسىمۇ، چاي يەنىلا سوۋۇپ كەتكەنىدى، ھەتتا چاينىڭ تەمىدىن تۇنىكىنىڭ تەمى بەكرەك چىقىپ كەتكەنىدى. شۇنداق-تىمۇ ماسلوۋا چايدىن كۇرۇشكىغا تولدۇرۇپ قۇيۇپ، بولكا يېگەچ چاي ئىچىشكە باشلىدى. ئۇ ئۆز ئاغزىغا تەمە بىلەن تەلمۈرۈپ تۇرغان ئوغۇل بالىغا بولكىدىن سۇندۇرۇپ بېرىشنى ئۇنتۇمىدى.

## 13

نېخلىيۇدوف ئۆزۈندىن بۇيان زارىقىپ كۈتكەن خەت ئاخىر كەلدى. ئۇنىڭ ئاشنىسى — باش ئاقسۆڭەكنىڭ خوتۇنى خەتتە نېخلىيۇدوفقا تولۇق ئەركىنلىك بېرىپتۇ، ئۆيلىنىپ قالسا، بەختلىك بولۇشنى تىلەپتۇ: «ئۆيلىنىش» دېگەن سۆز ئۇنى ئويغاتتى:

— تۇرمىگە چوقۇم بارىمەن، ماسلوۋا بىلەن كۆرۈشىمەن ئۇنىڭغا تونۇشلۇق بېرىمەن، ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورايمەن، زۆرۈر تېپىلسا، ئۇنىڭغا ئۆيلىنىمەن! ئەخلاقىي پۈتۈنلۈك ئۈچۈن ھەممىنى قۇربان قىلىشتىن ئايانمايمەن.

بۈگۈن ئەتىگەن نېخلىيۇدوف ئۆزىنىڭ مۇشۇ خىل ئويلىرىدىن چوڭقۇر تەسىرلەندى. ئۇ بىردىنلا كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆز خانىسىغا كىرگەن ئاگرافىنا پېتروۋناغا شۇئان كەسكىنلىك بىلەن: ئەمدى ئىجارە ھەققى قىممەت بۇخانىمۇ، سىزنىڭ خىزمىتىڭىزمۇ ھاجەت ئەمەس، دەۋەتتى.

بۈگۈن دەل نېخلىيۇدوف سوت مەھكىمىسىگە بېرىپ

سوتقا قاتنىشىدىغان كۆن ئىدى، بۈگۈنكى جاۋابكار تا-
تىراڭغۇ يۈزلۈك، ئورۇق، يىگىرمە ياشلار چامىسىدىكى
بىر بالا ئىدى. بۇ بالا شېرىكى بىلەن بىللە بىرسىنىڭ
ئامبىرىنىڭ قۇلۇپىنى بۇزۇپ كىرىپ، جەمئىي ئۈچ
رۇبلى ئاتمىش يەتتە كوپېيىك قىممىتىدىكى بىرنەچچە
كونا پالاسنى ئوغرىلىدى دەپ ئەيىبلەنگەنىدى. بۇ بالى-
نىڭ شېرىكى تۈرمىدە ئۆلگەن، شۇڭا، بالىنىڭ يالغۇز
ئۆزىنى سوتلاشقا توغرا كەلگەنىدى. گۇۋاھچىلار سوتقا
چىقىپ گۇۋاھلىق بېرىدىغان چاغدا، ئۇنى قولغا ئالغان
ساقچىمۇ ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىنى ئىپادى-
لىدى، پالاسنىڭ ئىگىسىمۇ ئۈچ رۇبلىلىق نەرسىنى
يىتتۈرۈپ، بەش رۇبلى خەجلەپ ئات ھارۋىسىغا ئولتۇ-
رۇپ بۇ يەرگە كېلىشىنىڭ ئەرزىمەيدىغانلىقىنى، بۇنىڭ-
دىن ئاۋارىچىلىك ھېس قىلغانلىقىنى ئېيتتى. لېكىن،
كوللېگىيە باشلىقى ۋە مۇئاۋىن باش تەپتىش خۇددى
تۇنۇگۈنكىدەك ئادىل ۋە شەخسىيەتسىز قىياپەتتە ئوت-
تۇرىغا چىقىپ، قىلچە بىخەستەلىك قىلماي، ھەيۋىلىك
سۆزلەرنى قىلدى.

سوت بىرىنچى قېتىم دەم ئېلىشنى ئېلان قىلى-
شىغا، نېخليۇدوف دەرھال ئورنىدىن تۇردى ۋە كارىدورغا

چىقىپ، ئەمدى سوتقا ھەرگىز يېنىپ كەلمەسلىك، بۇنداق دەھشەتلىك ۋە رەزىل، ئەخمىقانە ئىشقا ئەمدى يەنە قاتناشماسلىق قارارىغا كەلدى.

ئۇ باش تەپتىشنى ئىزدىمەكچى بولدى. نېخلېيۇدوف ئۆزىنىڭ كىنەزلىك ئاتىقى ۋە كاتتا كىيىنگەن سۆلىتىنىڭ ياردىمى بىلەن ناھايىتى تېزلا باش تەپتىش بىلەن كۆرۈشۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

ئۇ ئايال مەھبۇس ماسلوۋا بىلەن كۆرۈشۈش ئۈمىدى بارلىقىنى بىلدۈرۈپ، تۈنۈگۈنكى سوتتا ئېلان قىلىنغان ھۆكۈمگە بولغان قاراشلىرىنى سۆزلەپ ئۆتتى، ئۇ ئەڭ ئاخىردا تەپتىشكە مۇنداق دېدى:

— ماسلوۋانىڭ مۇشۇ ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشى پۈتۈنلەي مېنىڭ دىسلەپتە ئۇنى ئالدىغانلىقىمدىن بولدى، شۇڭا مەن ئۇنىڭغا ئۆيلەنمەكچىمەن ... باش تەپتىش ھەم كۈلكىلىك ھېس قىلىش، ھەم كەڭ قورساقلىق قىلىش كەيپىياتىدا تۇرۇپ نېخلېيۇدوفنىڭ بۇ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا تۈرمىدىكىلەرنى يوقلاش گۇۋاھنامىسى كېسىپ بەردى.

## 14

شۇ كۈنى كېچىسى ماسلوۋا ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدى. تۇن نىسبى بولغاندىمۇ ئۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە تۇرمە ئىشىكىگە تىكىلىپ ياتتى.

ئۇ ناھايىتىمۇ كۆپ، ناھايىتىمۇ كۆپ ئىشلارنى ئويلىدى، پەقەت نېخليۇدوفنىلا پەقەت خىيالىغا كەلتۈرمىدى. بۈگۈن سوتتىمۇ ئۇنى تونۇمىدى. بۇ، نېخليۇدوفنىڭ قىياپىتىدىكى ئۆزگىرىش تۈپەيلىدىن بولدى — ئۇ ھەقىقەتەن ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى دېگەندىن كۆرە، ئۇ نېخليۇدوفنى ھېچقاچان ئەسلەپ باقمىغانلىقى تۈپەيلىدىن بولدى، دېگەن تۈزۈك. ئۇ، ھېلىقى قورقۇنچلۇق يامغۇرلۇق كېچىنى، نېخليۇدوفقا باغلىنىشلىق بولغان جىمىكى خاتىرىسىنى پۈتۈنلەي كۆمۈپ تاشلىغانىدى....

ئۇ كەتكەندىن كېيىن، ماسلوۋا ھامىلىدار بولۇپ قالدى. بۇ ئۇنىڭ بالىسى ئىدى، ئۇلارنىڭ سۆيگۈسىنىڭ جەۋھىرى ئىدى. ئۇ قورسىقىدىكى تۆرەلمىنى ئويلىسىلا، ئىختىيارسىز نېخليۇدوفنى ئەسلەيتتى، يۈرەك رىتىمى تېزلىشىپ، يۈزلىرى كۈن ئالمىسىدەك قىزىرىپ كېتەتتى. ھامىلىرى نېخليۇدوفنى سېغىنىپ، ئۇنىڭ يول ئۈستىدە چۈشۈپ ئۆتۈشىنى ئۈتۈنگەنىدى، ئۇمۇ ماقۇل

بولغانىدى. كاتيۇشا بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان كۈندىن باشلاپ، ئۇنىڭ دەرھال پەيدا بولۇشىنى تەقەززالىق بىلەن زارىقىپ كۈتتى، يەنە كۈتتى. لېكىن كۈنلەر يېقىنلاشقاندا قېرى قىزلار ئۇنىڭ تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئۇنىڭ كەلمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى، ئۇنىڭ بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە پېتربۇرگقا يېتىپ بېرىشى لازىم ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. كاتيۇشا گويا چوققىسىغا بىر توقماق تەگكەندەك بولۇپ، دەرھال پويىز ئىستانسىسىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش قارارىغا كەلدى. كاتيۇشا پويىزنىڭ كېچە سائەت ئىككىدە بۇ يەردىن ئۆتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. كاتيۇشا قېرى قىزلارنى ئۇخلىتىپ بولۇپ، ئاشپەز ئايالنىڭ قىزى ماشكىنى ئېلىپ پويىز ئىستانسىسىغا قاراپ يۈگۈردى.

بۇ، يامغۇر يېغىپ، شامال چىقىۋاتقان قاپقاراڭغۇ كۈز كېچىسى ئىدى. سىرتتا گۈر ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايتتى. كاتيۇشا يولنى پىششىق بىلسىمۇ، ئورمانلىققا كىرىپ ئېزىپ قالدى. ئۇ پويىز ئىستانسىسىغا يېتىپ بارغاندا، پويىزنى ھەيدەشنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق قوڭغۇرىقى چېلىندى. كاتيۇشا يۈگۈرگەن پېتى ۋوگزال سەھنىسىگە چىقىپ، بىرىنچى دەرىجىلىك ۋاگوننىڭ دېرىزىسىدىن نېخليۇدوفنى كۆرۈپ قالدى. ۋاگون ئىچى ئالاھىدە يورۇق

ئىدى. ئۈستىگە تار گەلەيى شىم بىلەن ئاق كۆڭلەك كىيگەن نىخلىيۇدوف دىۋاننىڭ تۈتقۇسىدا ئولتۇرۇپ، نىمىشقىدۇر كۈلەتتى. كاتيۇشا مۈزلاپ قېتىشىپ قالغان قولىنى كۆتۈرۈپ دېرىزىنى چەكتى، ئۇ ئاڭلىمىدى. بۇ چاغدا ئۆچىنچى قوڭغۇراق چېلىندى. پويىز ئاستا - ئاستا ئورنىدىن قوزغالدى.... قارتا ئويناۋاتقان بىر ئوفىتسېر ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزىدىن سىرتقا قارىدى. كاتيۇشا دېرىزىنى يەنە چېكىپ، يۈزىنى دېرىزە ئەينىكىگە ياقتى. بۇ چاغدا پويىز مېڭىپ كەتتى، ئۇمۇ ئەگىشىپلا يۈگۈردى، بىر ئوفىتسېر دېرىزىنى ئەتمەكچى بولۇپ ئېتەلمىگەندە، نىخلىيۇدوف كېلىپ ياردەملەشتى، دېرىزە ئېتىلدى. لېكىن ئۇ ۋوگزال سەھنىسىدىكى ئايالغا دىققەت قىلمىدى. پويىز يۈرۈشنى تېخىمۇ تېزلەتتى. بىرىنچى دەرىجىلىك ۋاگون ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى، ئىككىنچى دەرىجىلىك ۋاگونمۇ ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ يۈگۈرۈۋەردى، قوغلاۋەردى.... شامال تېخىمۇ ئەدەپ ئۇنىڭ بېشىدىكى ياغلىقنى ئۇچۇرۇپ كەتتى، كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى پۇتلىرىغا چاپلاشتۇرۇۋەتتى....

— ئاچا، ياغلىقىڭىز چۈشۈپ قالدى، — دېدى قىزچاق.

«ئۇ يوپيورۇق ۋاگوندا، دۇخاۋا دىۋاندا ئولتۇرۇپ

كۈلسۇن، چاقچاق قىلسۇن، هاراق ـ شاراب ئىچسۇن، مەن بۇ يەردە — پاتقاقتا، يامغۇردا، شامالدا....» كاتيۇشا ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە، قەدىمىنى توختىتىپ، بېشىنى قوللىرى بىلەن چىڭ قۇچاقلاپ هۆركىرەپ يىغ ـ لىۋەتتى.

— ئاچا، يۈرۈڭ كېتەيلى، — دېدى قىزچاق، قورقۇپ كېتىپ ئۇنىڭ هۆل بولۇپ كەتكەن كۆڭلىكىنى قۇ- چاقلىغىنىچە:

— كېتەيلى؟ ئاتىسى يوق بالىنى قورساقتا كۆتۈ- رۈپ مەن ئۆيگە قايتالايمەنما؟ ... — ئۇ توساتتىن ئۆلۈ- ۋېلىشنى ئويلىدى. ئىزاھ ـ نومۇس ئىچىدە ياشىغۇچە ئۆلگەن ياخشى! ئۇ كېيىنكى قېتىملىق پويىز ئۆتسە، چاقنىڭ ئاستىغا ئۆزۈمنى تاشلىۋالاي ... دېگەن قارارغا كەلدى.

هالبۇكى، دەل شۇ چاغدا، كاتيۇشانىڭ قورسىقىدى- كى بوۋاق مىدىرلىدى، گويا پۈت ـ قوللىرى بىلەن تۈرتكەندەك بولدى.... ئاھ، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە، نېخليۇدوفقا بولغان قەھر ـ غەزەپ، ئۆز ئۆلۈمى ئارقى- لىق ئۆچ ئېلىش ئىستىكى، قىسقىسى، هەممە نېمە بىردىنلا غايىب بولدى.

ئۇ ئۆيگە چىلىق ـ چىلىق هۆل بولۇپ، پاتقاقتا مىلىنىپ، ماغدۇرى ئۈزۈلگەن بىر هالەتتە قايتىپ

كەلدى. ئەنە شۇ قورقۇنچلۇق كېچىدىن تارتىپ ئۇنىڭدا ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ئۇ ئەمدى ئاق كۆڭۈل دېگەن گەپكە ئىشەنمەيدىغان بولۇۋالدى. شۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇ ئاق كۆڭۈللۈككە ئىشىنەتتى، ئۆزى ئاق كۆڭۈل ئىدى، باشقىلارنىمۇ ئاق كۆڭۈل دەپ ئويلاتتى. ھازىر ئۇ ھېچ-كىمنىڭ ئاق كۆڭۈللۈككە ئىشەنمەيدىغانلىقى، پەقەت باشقىلارنى ئالداش ئۈچۈنلا شۇنداق دېيىشىدىغانلىقىنى توساتتىنلا تونۇپ يەتتى. ئۇ نېخليۇدوفنى ياخشى كۆ-رەتتى، نېخليۇدوفمۇ ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. لېكىن دەل شۇ كىشى ئۇنىڭدىن ھۇزۇر ئېلىۋېلىپ، ئۇنىڭ ھېس-سىياتلىرىنى ئاياغ ئاستى قىلدى، مانا ئەمدى ئۇنى تاشلاپ كەتتى. ھەممە كىشى كاتيۇشادىن پايدىلىناتتى، نېخليۇدوف ھەرھالدا ئاشۇ كىشىلەر ئىچىدىكى بىرقەدەر ياخشىراقى ئىدى. نېخليۇدوفنىڭ ھاممىلىرى ئۇ ئەمدى ئۇلارنى ئىلگىرىكىدەك كۈتەلمەيدىغان بولۇپ قالغاندا، ئۇنى قوغلاپ چىقاردى. ئۇ ئۇچراشقانلىكى پاھىشىۋازلار، ئەرلەر، ھەتتا ھېلىقى قېرى يازغۇچىغىچە ھەممىيلەن ئۇنى كۆڭلىنى ئاچىدىغان نەرسە، دەپ قارىدى. ھەممە كىشى ئۆزى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ھۇزۇر-ھالاۋىتى ئۈچۈن ياشايدۇ. خۇدا ھەققىدىكى، ياخشىلىق، ئاق كۆڭۈللۈك ھەققىدىكى گەپ-سۆزلەرنىڭ جىمىسى ئالدامچىلىق!


ئۇ، مۇشۇنداق ئويلاپ يەتكەندىن كېيىن، ئۆزىنى

ھېلىقىدەك ئازابلىق ئىشلارنى ئويلاشقا قىستىماسلىقنى ئۆگىنىۋالدى. زېرىكسەڭ تاماكا چەك، ھاراق ئىچ ياكى ئەرلەردىن بىرنى تېپىپ ئىچ پۇشۇقۇڭنى چىقار، شۇنداق قىلساڭ ھەممىسى ئۇنتۇلىدۇ....

## 15

ئىككىنچى كۈنى نېخليۇدوف تۈرمىگە كەلدى.

تۈرمىنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسى ئاخىر ئېچىلدى ـ دە، بىر ئوفىتسېر بىلەن بىر نازارەتچى چىقىپ كەلدى. نازارەتچى كۆرۈشكىلى كەلگەنلەرنى ھازىر كىرگۈزۈشكە باشلايمىز، دەپ جاكارلىشى بىلەن تەڭ، دەرۋازىدىكى ساقچى ئۆزلىرىنى بىر چەتكە ئالدى، كۆرۈشكىلى كەلـ گەنلەر گويا كېچىكىپ قالسا كىرگۈزمەي قويۇشىدىن ئەنسىرە قىلغاندەك، تۈرمىنىڭ دەرۋازىسى تەرەپكە قاراپ ئېتىلدى. دەرۋازا يېنىدا بىر نازارەتچى ئۆرە تۇرۇپ، ئۆز ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقانلارنى «ئون ئالتە، ئون يەتتە...» دەپ ساناپ بېرىۋاتاتتى، يەنە بىر نازارەتچى بولسا دەرۋازىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ، قانچە ئادەم كىرگەن بولسا، شۇنچە ئا- دەمنىڭ يېنىپ چىقىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، شۇنداقلا تۈرمىدىكى مەھبۇسلارنىڭ يوقلاپ كەلگەنلەر ئارىسىغا كىرىۋېلىپ قېچىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، كىرىپ كېتىۋاتقانلارنى قولى بىلەن بىردىن ـ بىردىن



تۇرتۇپ ساناپ ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. نېخليۇدوف كىرىۋاتقاندىمۇ ھېلىقى نازارەتچى ئۇنىڭ يەلكىسىگە ئۇرۇپ قويدى، ئۇ-نىڭ بۇ قىلىقى باشتا نېخليۇدوفقا ھار كەلدى. لېكىن، ئۇ ھازىر ئۆزىنىڭمۇ ئادەتتىكى كۆرۈشكۈچى ئىكەنلى-كىنى دەرھال ئېسىگە ئېلىپ، ھېچقىسى يوق، دېگەن ئويغا كەلدى....

ئۇ بىردەمدىن كېيىن كاتيۇشا بىلەن ئۇچرىشىدى-غانلىقىنى ئويلاپ ھەم ھاياجانلىناتتى، ھەم خىجىل بو-لاتتى، ئۇنىڭ ئوي - پىكرىمۇ قالايمىقانلىشىپ كەتكەن-دەك بولدى. نېخليۇدوف بىلىپ - بىلمەي، كۆرۈشكىلى كەلگەنلەرنىڭ كۆپچىلىكى كېتىۋاتقان تەرەپكە — ئەر مەھبۇسلار بىلەن كۆرۈشۈش ئۆيى تەرەپكە قاراپ كېتىۋەردى.

مانا بۇ كۆرۈشۈش ئۆيى، ئۇ ئالدىرىغانلارنى ئالدىغا ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ئۆزى ئەڭ ئاخىردا كىردى. ئۇ بوسۇغى-دىن ئاتلاپ ئۆتۈپلا، يۈزچە ئادەمنىڭ كانىيى يىرتىلغىچە ۋاقىرىشىدىن ھاسىل بولغان، قۇلاقنى پاڭ قىلغۇدەك ۋاڭ - چۇڭنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتتى. نېخليۇدوف كۆ-رۈشۈش ئۆيىنى ئىككىگە بۆلۈپ تۇرغان، ئارىلىقى ئۈچ گەز كېلىدىغان ئىككى قەۋەت سىم توسۇققا يېقىنراق كېلىپ، ئاندىن بۇنىڭ نېمە گەپ ئىكەنلىكىنى چۈشەن-دى، سىم توسۇقنىڭ نېرىقى تەرىپىدە مەھبۇسلار،

بىرىنچى تەرىپىدە كۆرۈشكىلى كەلگەنلەر تۇرۇپتۇ. ئۇلار-نىڭ ئۆزئارا بىر-بىرىنىڭ چىرايىنى ئېنىقراق كۆرەلىشىمۇ ئوڭاي ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزى بىلەن سۆزلىشىۋاتقۇچىغا ئاڭلانغۇدەك ۋارقىرايتتى، ئۇنداق ۋارقىرىمىسا قارشى تەرەپ قانداقمۇ ئاڭلىيالىسۇن؟ ئىككى تەرەپتىكى نۇرغۇنلىغان كىشى-لەر — ئاياللار، ئەرلەر، ئاتىلار، ئانىلار، باللار — يۈزلە-رىنى سىم توسۇققا يېقىپ تۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ ھەم-مىسى باشقىلارنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ چۈشۈشكە تىرى-شىپ، جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرايتتى، ھېچكىمنىڭ گېپىنى ھېچكىم ئاڭلىيالمايتتى، گەپلىشىۋاتقانلارنىڭ چىرايىدىنلا ئۇلارنىڭ نېمىلەرنى دېيىشىۋاتقانلىقىنى قىياس قىلىشقا بولاتتى.

ئۇ، كۆرۈشۈش ئۆيىدە تۇرۇپ، ئۆزىنى دەھشەتلىك دولقۇنلاۋاتقان دېڭىز بويىدا تۇرغاندەك ھېس قىلدى.

نېخليۇدوف مۇنداق چاغلاردا ئەمەلدارلاردىن ئايرىلال-مايتتى، گەرچە ئۆزى ئۇلارنى ياراتمىسىمۇ، ئۇ مۇئاۋىن تۈرمە باشلىقىنى تېپىپ، ئۇنىڭغا ئەھۋالنى چۈشەندۈر-دى. مۇئاۋىن تۈرمە باشلىقى نېخليۇدوفنىڭ سالاپىتىگە قاراپ خىزمەت قىلىپ قويۇشقا ئەرزىگۈدەك ئادەم ئىكەن، دېدى بولغاي، بىر ئوفىتسېرغا:«مانا بۇ جانابنى ئاياللار بۆلۈمىگە باشلاپ بار» دەپ بۇيرۇدى.

بۇ بۆلۈممۇ ئەر مەھبۇسلار بۆلۈمىگە ئوخشاشلا ئىككى قات سىم توسۇق بىلەن ئۈچكە بۆلۈنگەنىدى. پەقەت كۆلىمىلا كىچىكرەك بولغاندىن باشقا، ۋارقىراش ـ جارقىراشلار ئەرلەر بۆلۈمىدىكىگە تامامەن ئوخشاش ئىدى. سىم توسۇقنىڭ ئىككى تەرىپى ئادەملەر بىلەن لىق تولغانىدى. نېخليۇدوف مەھبۇس ئاياللارنىڭ كەينىدە بىر ئايالنىڭ ئۆرە تۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭ ماسلوۋا ئىكەنلىكىنى دەرھال پەملەپ، جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكتىن يۈرەك سوقۇشىنىڭ تېزلىشىپ، نەپىسىنىڭ قىسىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى.

ماسلوۋا فېدوسىيىنىڭ كەينىدە، ئۇنىڭ ئېرى بىلەن قىلىشقان گەپلىرىگە خۇش تەبەسسۇم بىلەن قۇلاق سېلىپ ئۆرە تۇراتتى. ماسلوۋانىڭ بۇ يەرگە كېلىشى، ئەمەلىيەتتە، ياخشى دوستى فېدوسىيىگە ھەمراھ بولۇش ئۈچۈن ئىدى، بۇ يەرگە بىر ئەر كىشىنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى....

نېخليۇدوف ئۆزىنى تۇختىتىپ ئالدىغا كېلىپ، ئىككى رەت سىم توسۇق ئارىلىقىدا ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ يۈرگەن نازارەتچى ئايالغا قاراپ ئۇنىڭ ئىسمىنى مەلۇم قىلدى:

— يېكاتىرىنا ماسلوۋا!

— ماسلوۋا، سېنى بىرى ئىزدەپ كەپتۇ! — دەپ

ۋارقىرىدى نازارەتچى ئايال.

ماسلوۋا كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىدى ـ دە، كۆكرىكىنى چوقچايتىپ، نېخلىيۇدوفقا تونۇش ئىتائەتمەنلىك بىلەن سىم توسۇقنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئىككى مەھبۇس ئا- يالنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىسىلىپ، نېخلىيۇدوفنى تونۇيال- ماي، ھەيرانلىق ۋە قىزىقىش نەزەرىدە ئۇنىڭغا تىكىلدى. ئۇ نېخلىيۇدوفنىڭ ئۇستۇبېشىدىن ئۇنىڭ باي كىشى ئى- كەنلىكىنى ئۇقۇپ، كۈلۈمسىرىدى:

— مېنى ئىزدەپ كەلگەنمىدىڭىز؟

— مەن... — نېخلىيۇدوف نېمە دېيىشىنى بىلەل- مەي تۇرۇپ قالدى، ئەسلىدە تەييارلىۋالغان بىر تاغار گېپىمۇ نەلەرگىدۇر غايىب بولغانىدى، ئۇ، دۇدۇقلىغى- نىچە:

— مەن سىز بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىدىم... مەن...، — دېدى.

ئەتراپتىكىلەر ۋاڭ ـ چۇڭ قىلىشىۋاتاتتى، ماسلوۋا بۇ پۇلدار كىشىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلىيالمىدى، لېكىن ئۇنىڭ گەپ قىلىۋاتقان قىياپىتى توساتتىنلا بىر ئادەمنى — ئۇ ئەسلەشنى ئەڭ خالىمايدىغان، شۇڭ- لاشقا ئەسلەپمۇ باقمىغان بىر ئادەمنى يادىغا سالدى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇم بىردىنلا غايىب بولۇپ، ئازابتىن پېشانىسى پۈرۈشتى.

— سىزنى بىرىگە ئوخشىتىۋاتىمەن.... لېكىن تازا تونۇيالمايۋاتىمەن ... ، — ماسلوۋانىڭ چىرايى تېخىمۇ تۇتۇلدى.

— مەن بۇ يەردە سىزدىن كەچۈرۈم سورىغىلى كەلدىم، — دەپ ۋارقىرىدى نېخليۇدوف گويا دەرس يادلا-ۋاتقاندەك قاتمال تەلەپپۇز بىلەن.

ئۇ شۇ گەپنى دەپ بولۇپ، خىجىل بولغىنىدىن ئەتراپىغا قاراپ قويدى. بىراق بۇ يەردە ھېچ-كىمگە دىققەت قىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ شۇئان:

— مېنى كەچۈرۈڭ، مەن سىزگە ئىنتايىن يۈز كېلەلمەيمەن...، — دەپ ۋارقىرىدى.

ماسلوۋا ئورنىدىن قوزغالماي، سەل-پەل ئەلەس كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ قاراپ تۇراتتى.

نېخليۇدوف كانىيى بوغۇلۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇ-رالماي، ئۆزىنى يىغلىۋېتىشتىن ئارانلا بېسىپ تۇراتتى. ئۇ ھاياجىنىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن، سىم توسۇقنىڭ يېنىدىن ۋاقتىنچە نېرىراق كەتتى.

ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلگەن مۇئاۋىن تۈرمە باشلىقى نېخليۇدوفقا قىزىقىپ قالدى بولغاي، ئۇنىڭدىن: «كۆ-رۈشمەكچى بولغان كىشىڭىز بىلەن نېمىشقا سۆزلەش-مەيسىز» دەپ سورىدى. نېخليۇدوف بۇرنىنى تاشلاپ،

ئۆزىنى سالماق تۇتۇشقا تىرىشىپ:

— بۇ يەر بەك قالايمىقان ئىكەن، ھېچنېمىنى ئاڭلىغىلى بولمايدىكەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

مۇئاۋىن تۇرمە باشلىقى ئويلىنىپ قالدى ۋە نازارەتچى ئايالغا ماسلوۋانى تاشقىرىغا باشلاپ چىقىشىنى تاپىلىدى.

بىر مىنۇتتىن كېيىن ماسلوۋا نېخلىيۇدوفنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۇنىڭ قاپقارا چاچلىرى خۇددى ئالدىنقى كۈنىدىكىدەك بۇدۇر ھاسىل قىلىپ، پېشانىسىگە چۇشۇپ تۇراتتى. سەل تاتىرىپ قالغان يۈزلىرى يەنىلا شۇنداق چىرايلىق، ئىششىپ قالغان قاپاقلىرىنىڭ تېگىدىكى سەل ـ پەل ئەلەس كەلگەن قارا كۆزلىرى ھېلىمۇ چاقناپ تۇراتتى. ماسلوۋا ئۆزۈن ئورۇندۇقتا — نېخلىيۇدوفنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

— بىلىمەن، مېنى كەچۈرۈش سىزگە ئېغىر كېلىدۇ، — دېدى نېخلىيۇدوف كۆزلىرىگە ياش ئالغىنىچە دۇدۇقلاپ.

— سىز مېنى قانداق تاپتىڭىز؟ — دەپ سورىدى ماسلوۋا ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ سوغۇققىنا ھالدا.

— ئالدىنقى كۈنى سىزنى سوتلىغان چاغدا، مەن زاسېداتېل ئىدىم، — دېدى ئۇ، — سىز مېنى تونۇيالمىدىڭىزمۇ؟

— ياق، ھەتتا قارىغىنىممۇ يوق.

— سىز بىر بالىلىقمۇ بولغان ئىدىڭىزغۇ؟ — دېدى ئېخلىيۇدوف يۈزلىرىنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ سېزىپ.

— ھېلىمۇ ياخشى، شۇ چاغدىلا ئۆلۈپ كېتىپتىكەن! — دېدى ماسلوۋا كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن يۆتكەپ، غەزەپ بىلەن قىسقىلا جاۋاب بېرىپ.

مۇشۇ بىرنەچچە ئېغىز سۆھبەت ئارقىلىق نېخلىيۇدوف ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا قانداق ئازابلارنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ھەقىقىي چۈشەندى:

— ھېلى بولسىمۇ گۇناھىمنى يۇيىمەن....

— يۇغۇدەك ھېچ ئىش يوق. بولغۇلۇق بولدى، ئۆتۈپمۇ كەتتى، — دېدى ئۇ. كېيىن نېخلىيۇدوف ھېچ كۈتمىگەندە ماسلوۋا گېپىنى توگىتىپ ئۇنىڭغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ، قانداقتۇر يېقىمسىز ۋە كىشىنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرىدىغان بىر ھالەتتە كۈلۈمسىرىدى.

ماسلوۋا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان پىسخىك زىددىيەتنى باشتىن كەچۈرۈۋاتاتتى: ماسلوۋا ئۇنىڭ بىلەن مەشەدە كۆرۈشۈپ قېلىشنى ئەسلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. نېخلىيۇدوفنىڭ تاسادىپىي پەيدا بولۇشى شۇنچە يىللاردىن بېرى ئۇ زادىلا يادىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان — ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەشكە مەجبۇر قىلدى. پاك،

ئاق كۆڭۈل، چىرايلىق يىگىت ... قىسقا، ئەمما لەزز
لىك بەخت ... ئۇنىڭ رەھىمسىزلىكى بىلەن شەپقە
سىزلىكى ... كېيىنى - كېيىندىن يۈز بەرگەن خورلۇقلا
ئازابلار ... باشتا ئۇ كۆز ئالدىدا ئۆلتۈرگان كىشىنى ب
چاغلاردا ئۆزى ياخشى كۆرگەن ھېلىقى يىگىت بىلـ
بىرلەشتۈرۈپ باقتى. بىراق كېيىن يەنە ئويلىنىپ ك
رۈپ، بۇنداق قىلىشنىڭ بەك ئازابلىق بولىدىغانلىقى
ھېس قىلدى - دە، ئىككىسىنى بىرلەشتۈرۈشتىن
كەچتى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، پاكىز كىيىنگ
راھەت - پاراغەتلىك تۇرمۇش كەچۈرىدىغان، ساقىلىد
ئەتىر پۇراپ تۇرىدىغان بۇ جاناب، ماسلوۋاغا نىسبەت
ئېيتقاندا، بىر چاغلاردا ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرگەن نېخ
يۇدوف ئەمەس، بەلكى ئۇ ھازىر لازىم تېپىلغاندا ئايال
رنى بىردەملىكلا پايدىلىنىۋېلىپ تاشلىۋېتىدىغان ئ
لەردىن بىرى ئىدى. ماسلوۋاغا ئوخشاش ئاياللارمۇ ئە
كانىيەتنىڭ بارىچە ئۇلاردىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىۋېلى
كېرەك ئىدى. ماسلوۋانىڭ توساتتىنلا ئۇنىڭغا قار
كۆلۈمسىرىشىنىڭ سەۋەبىمۇ ئەنە شۇ ئىدى. ئۇ نېخ
يۇدوفتىن قانداق پايدىلىنىۋېلىشنى ئويلاپ جىم بول
قالدى....

— ئۇ ئىشلار ئاللىبۇرۇن ئۆتۈپ كەتتى، — دېدى
ئۇ، — ھازىر مېنى ئېغىر ئەمگەككە ھۆكۈم قىلىشتى.

— مەن سىزنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىڭىزنى بە-
ەتتىم ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنەتتىم، — دېدى نېخليۇدوف.
— ئەلۋەتتە گۇناھسىزمەن. ئەجەبا مەن قاراپ تۇرۇپ
غرىلىق ياكى بۇلاڭچىلىق قىلىمەنمۇ؟ بىزنىڭ بۇ
ردىكىلەر ئەمدى ھەممە گەپ ئادۋوكاتتا باغلىق دېيە-
ىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — لېكىن
نىڭغا ناھايىتى نۇرغۇن پۇل كەتكۈدەك...
ئارىنى جىمجىتلىق باستى.
— مەن سىزدىن ... ئەگەر مۇمكىن بولسا، ... ئازراق
ل سورىماقچىدىم. كۆپ ئەمەس ... پەقەت ئون رۇبلى
لسىلا كۇپايە قىلىدۇ، — دېدى ئۇ بىردىن.
— بولىدۇ، بولىدۇ، — دېدى نېخليۇدوف قورۇنغاند-
ك ھالەتتە يانچۇقىغا قول سوزۇپ.
ماسلوۋا بۆلۈمدە ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ يۈرگەن
ئاۋىن تۆرمە باشلىقىغا لەپپىدە قاراپ قويدى - دە:
— ئۇنىڭ كۆزىچە بەرمەڭ، بولمىسا ئېلىۋالىدۇ، —ب
ى.
مۇئاۋىن تۆرمە باشلىقى كەينىگە بۇرۇلۇشىغا،
ىليۇدوف يانچۇقىدىن پۇل قاپچۇقىنى ئالدى، لېكىن
نى ئۇنىڭغا بېرىشكە ئۈلگۈرەلمىدى، مۇئاۋىن تۆرمە
لىقى يەنە ئۇلار تەرەپكە بۇرۇلدى. نېخليۇدوف پۇلنى
مقىنىدا سىقىمداپ تۇتۇۋالدى.

نېخلىيۇدوف ماسلوۋانىڭ بىر چاغلاردا شۇ قەدەر يېقىملىق ۋە مەسۇم، مانا ئەمدى نۇرى ئۆچكەن، مۇئاۋىن تۈرمە باشلىقى بىلەن ئۆزىنىڭ پۇلنى سىقىمداپ تۇرغان قولىنى ماراپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ:

— ئاللىبۇرۇنلا ئۆلگەن ئايالغۇ بۇ،— دەپ ئەسلىدىكى پىكرىدىن تەۋرىنىشكە باشلىدى ئۇ خۇپىيانە ھالىدا، — ئۇنى ھەرنېمە قىلىپمۇ قۇتقۇزغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭغا ياردەم بەرمەكچى بولساڭ، بىكاردىن-بىكار ئۆز بوينۇڭغا بىر پارچە ئېغىر تاشنى ئېسىۋالغانغا باراۋەر. ئۇنىڭدىن كۆرە، يېنىڭدىكى پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا بېرىپ ۋىدالاش-دە، ئۇنىڭدىن قولۇڭنى يۇيۇۋەت!...

لېكىن ئۇ شۇئان بۇنداق ئويلىرىنى ئىنكار قىلدى. ئۇ شۇ تاپتا ئىچكى دۇنياسىنىڭ خۇددى تارازىنىڭ پەللىسىدەك داۋالغۇپ تۇرغانلىقىنى، ئازراقلا كۈچ قوشۇلسا، تارازىنىڭ يا ئۇ پەللىسى، يا بۇ پەللىسى بېسىپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. بەختىگە يارىشا، تەڭرىنىڭ ئۇنىڭ قەلبىگە قايتىپ كېلىشى ئۇنىڭغا تەلەي ئېلىپ كەلدى. ئۇ تەڭرىدىن مەدەت تىلىدى، تەڭرى ئۇنىڭغا مەدەت بەردى.

— كاتيۇشا، مەن سىزدىن ئەپۇ سورىسام، — دېدى ئۇ، — جاۋاب بەرمىدىڭىزغۇ؟

كاتيۇشا بولسا ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىدى، ئۇ ھېلى نېخليۇدوفنىڭ قولىغا، ھېلى مۇئاۋىن تۈرمە باشلىقىغا قارايتتى. مۇئاۋىن تۈرمە باشلىقى كەينىگە بۇرۇلۇشىغا ئۇ نېخليۇدوفقا بىر قولىنى ئىتتىك سۇ-نۇپ، پۇلنى ئالدى ـ دە، بەلۋېغىغا قىستۇردى.

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز، — دېدى ئۇ، ئۇنىڭ گېپىدىن ئاجايىپ مەنسىتمەسلىك ۋە تەرك ئېتىش مە-نىسى چىقىپ تۇراتتى.

كۆرۈشۈش ۋاقتى توشتى، ماسلوۋانىڭ پوزىتسىيە-سى يەنە بۇرۇنقىدەكلا ئىدى، ئۇ نېخليۇدوفنىڭ سۇنغان قولىغا قولىنى پەقەت مەجبۇرىيەت يۈزىسىدىن تەگكۈ-زۈپلا قويدى.

تۇنجى قېتىم كۆرۈشكىنىدە، نېخليۇدوف كاتيۇشانى ئۆزىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ياردەم بېرىش، گۇناھىنى يۇيۇش نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى ئۇقۇقاندىن كېيىن چوقۇم خۇشال بولىدۇ، تەسىرلىنىدۇ ۋە يېڭى-ۋاشتىن ئىلگىرىكى كاتيۇشا ھالىتىگە كېلىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. ھالبۇكى، رېئاللىق رەھىمسىز كېلىدۇ، ئەمدى كاتيۇشا يوق بولۇپ، پەقەت ماسلوۋالا قالغانىدى.

نېخليۇدوف ئادەملەر ئېقىمىغا ئەگىشىپ سىرتقا ماڭدى.

— ئۇنىڭغا ئۆزىگە ئۆيلەنمەكچى ئىكەنلىكىمنى دې-

مىدىم، كېيىنكى قېتىمدا چوقۇم دەيمەن، — دېدى ئۇ خۇپىيانە ھالدا.

تۈرمىدىكىلەردىن بىرەرسى چىقىپ كەتمىسۇن ياكى بىرەرسى تۈرمىدە قېپقالغان بولمىسۇن، دېگەن خىيالدا نازارەتچىلەر كۆرۈشكىلى كەلگەنلەرنى تۈرمىدىن چىقار-غىچە، يەنە قولىلىرىنى سوزۇپ، ھەربىر ئادەمنى مۆرد-سىدىن ئۇرۇپ ساناپ ئۆتكۈزدى. بۇ قېتىممۇ ئۇلار نېخليۇدوفنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويۇشتى، لېكىن ئۇ ھار ئېلىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە سەزمەي ئۆتۈپ كەتتى.

## 16

بۈگۈن چاي ئۈستىدە، تۈرمىنىڭ ھەممە كامېرلى-رىدا بۈگۈن قامچا بىلەن ئۇرۇپ جازالىنىشقا تېگىشلىك ئىككى ئەر مەھبۇس توغرۇلۇق قىزغىن پاراڭ بولۇۋا-تاتتى. ئىككى مەھبۇسنىڭ بىرى، تۈزۈككىنە خەت-ساۋاتى بار، مال ساتقۇچى ياش يىگىت ۋاسلىيېف بولۇپ، ئۇ كۈنداشلىق قىلىپ، رەشكىنىڭ كۈچىدىن ئاشنىسىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغانىدى. ئۇ تۈز - ھەققانىيەتچى، قانۇندىن خەۋىرى بار بولغاچقا دائىم تۈرمە دائىرىلىرد-نىڭ مەھبۇسلارنى خالىغانچە ئاياغ ئاستى قىلىشىغا قارشى چىقاتتى، شۇڭا تۈرمىدىكى ھەمراھلىرى ئۇنى

ياخشى كۆرەتتى. نازارەتچىلەر بولسا ئۇنى ئەدەپلەشنى ئاللىقاچان كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرەتتى. بۇنىڭدىن ئۈچ ھەپتە ئىلگىرى تەرەت قاچىسىنى تۆككۈچى بىر مەھبۇس بىر نازارەتچىنىڭ يېڭى فورمىسىغا سۈيۈق تەرەتنى چاچرىتىۋەتكەچكە، نازارەتچى مەھبۇسنى ئۇردى. ۋاسلىيېف چىداپ تۇرالماي مەھبۇسنىڭ يېنىنى ئېلىپ، ھېچقانداق قانۇندا مەھبۇسلارنى ئۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنغان ئەمەس، دېدى. نازارەتچى ۋاسلىيېفنى تىللىۋىدى، ۋاسلىيېفمۇ ئۇنى تىللىدى. نازارەتچى غەزەپلىنىپ، ئۇنى ئۇرماقچى بولۇۋىدى، ۋاسلىيېف كاپ قىلىپ ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، ئىشىكتىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتتى.... شۇنىڭ بىلەن ئىش تېرىلدى! تۈرمە دائىرىلىرى ئۆلكە باشلىقىغا توپىلاڭ يۈز بەردى، دەپ مەلۇم قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئىككى ئاساسلىق جىنايەتچىنىڭ ھەربىرىگە چىۋىق بىلەن ئوتتۇز قېتىم ئۇرۇلسۇن، شۇ ئارقىلىق تۈرمە ئىنتىزامى تۈزىتىلسۇن، دېگەن بۇيرۇق چۈشۈرۈلدى.

جازالاش ئايال مەھبۇسلار بىلەن كۆرۈشۈش بۆلۈمىدە ئۆتكۈزۈلدى.

بۇ چاغدا نېخليۇدوفنىڭ ساقلىغىنىغا خېلى ئۇزۇن بولغانىدى. ئۇ نۆۋەتچى نازارەتچىگە باش تەپتىش كېسىپ بەرگەن رۇخسەت قەغىزىنى تاپشۇرۇپ بەردى. ئۇ ئالدىنقى

قېتىمقىسىغا ئوخشاش، ئايال مەھبۇسلار بىلەن كۆرۈ-
شۈش بۆلۈمىگە بېرىپ ماسلوۋا بىلەن كۆرۈشمەكچى
ئىدى. بىراق، ئۇ بۈگۈن بۇ يەردىكى ھەممە كىشىنىڭ
ھودۇقتانلىقتىن پاتىپاراق بولۇپ يۈرگەنلىكىگە قاراپ،
قانداقتۇر بىر ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى سەزدى. ئۇ
ناھايىتى ئۇزۇن كۈتكەندىن كېيىن، تۈرمە باشلىقى بى-
لەن كۆرۈشەلىدى. تۈرمە باشلىقى بىر تەرەپتىن قول
ئاستىدىكىلەرگە ماسلوۋانى ئېلىپ چىقىشنى تاپىلىسا،
بىر تەرەپتىن نېخليۇدوفنى ئۆز ئىشخانىسىغا كىرىشكە
ئۈندەيتتى. بۇ بىرلا دېرىزە قويۇلغان كىچىك خانا بو-
لۇپ، ئىچىدە بىر ئۈستەل ۋە بىرنەچچە ئورۇندۇق بار
ئىدى.

ماسلوۋا يالاپ ئېلىپ كىرىلدى.

ئۇ ئىشىككە كېلىشىگە، نېخليۇدوف ئۇنى كۆرۈپ
قالدى. ئۇ ھېلىلا ئازراق ھاراق ئىچكەچكە، يۈزلىرى
قىپقىزىل قىزىرىپ كەتكەنىدى، ئۇ توختىماي كۈلۈم-
سىرەپ، بېشىنى چايقاپ، نازارەتچىنىڭ كەينىدىن كې-
لىۋاتاتتى. تۈرمە باشلىقىغا كۆزى چۈشكەن ھامان، ئۇ
سەل چۆچۈگەندەك قىلدى. لېكىن ئۆيگە كىرگەندىن
كېيىن، دادىل ۋە ئوچۇق چىراي بىلەن نېخليۇدوف تە-
رەپكە بۇرۇلدى.

— ياخشىمۇسىز؟ — دېدى ئۇ نېخليۇدوفنىڭ قو-

لىنى چىلىڭ سىقىپ.

— مانا، مەن سىزگە قول قويدۇرۇش ئۇچۇن بىر ئەرز ئېلىپ كەلدىم، — دېدى نېخلىيۇدوف ۋە بۇگۇن ماسلوۋانىڭ ئۆزىنى مۇنداق ئۇچۇق چىراي بىلەن قارشى ئالغانلىقىغا ھەيران بولۇپ، ئۇ نېمىشقا ئالدىنقى قېتىمدىكىگە ئوخشىماي قالدۇ؟ دەپ ئويلىدى ئىچىدە، — ئۇنىڭغا قول قويۇش كېرەك، ئاندىن ئۇنى پېتىربۇرگقا ئەۋەتىپ بېرىمىز.

— بوپتۇ، قول قويسام قوياي، نېمىلا قىلساق بولۇۋېرىدۇ، — دېدى ئۇ.

نېخلىيۇدوف بىر ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ ئۇستەلنىڭ يېنىغا كەلدى، تۇرمە باشلىقىنىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇنى قول قويۇشقا ئۇندىدى. ماسلوۋا تۇرمە باشلىقى سۇنغان قەلەمنى ئېلىپ، ئېھتىيات بىلەن سىياھقا چىلاپ، بىر سىلكىۋېتىپ ئۆزىنىڭ ئىسمىنى يازدى.

— باشقا ھېچ نەرسە يازمامدىمەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئاۋۋال نېخلىيۇدوفقا، كېيىن تۇرمە باشلىقىغا قاراپ قويۇپ، كېيىن ئۇ قەلەمنى ئاۋۋال سىياھ قۇتىسىغا قىستۇرۇپ قويدى، كېيىن قۇتىدىن ئېلىپ قەغەزنىڭ ئۇستىگە قويدى.

— سىزگە دەيدىغان گەپلىرىم بار ئىدى، — دېدى

نېخليۇدوف قەلەمنى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىۋېتىپ.
— قېنى ئېيتىڭ، — دېدى ماسلوۋا تۇيۇقسىز نې-مىنىدۇر ئويلاۋاتقاندەك ياكى ئۇيقۇسى كېلىپ كەتكەن-دەك جىددىي تۇس ئېلىپ.
تۇرمە باشلىقى چىقىپ كەتتى، ئۇلار ئىككىسى قالدى. ماسلوۋانى ئېلىپ كىرگەن نازارەتچى ئۇستەلدىن يىراقراقتىكى دېرىزە ئاستىدا ئولتۇراتتى.
نېخليۇدوف نازارەتچىگە گېپىنى ئاڭلاتماسلىق ئۇ-چۇن، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئالدىغىراق سۆزلەپ ئول-تۇردى.
— مۇبادا بۇ ئەرزدىن نەتىجە چىقمىسا، بىز بىۋا-سىتە پادىشاھ ئالىيلىرىغا شىكايەت قىلىمىز. قولى-مىزدىن كېلىدىغانلىكى ئىشنىڭ ھەممىسىنى قىلى-مىز.
— راست، باشتىلا ياخشىراق بىر ئادۋوكات بولغان بولسا ئوبدان بولاتتى...، — دېدى ماسلوۋا ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — مېنىڭ ھېلىقى ئاقىلغۇچۇم ئۆتۈپ كەتكەن دۆت نېمىكەن، ئۇ دائىم ماڭا خۇشامەت قىلىش بىلەنلا بولۇپ كەتتى، — دېدى ـ دە، كۈلۈۋەتتى، — مۇبادا ئەينى چاغدا ئۇ مېنىڭ سىز بىلەن تونۇش ئىكەنلىكىمنى بىلگەن بولسا، ئۇ چاغدا ئىش باشقىچە بولۇپ كېتەت-تى....

— بۇگۈن ئۇ نېمانچە غەلىتە ـ ھە، — دەپ ئويلىدى نېخلىيۇدوف، ئۇ ئەمدىلا ئۇنىڭدىن سورىماقچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، ماسلوۋا يەنە گەپ باشلاپ قالدى.

— بىر ئىشنى دېمەكچى ئىدىم سىزگە، بىزنىڭ بۇ يەردە ناھايىتى ياخشى بىر موماي بار، بىرى ئۇلارنى ئوت قويدى، دەپ شىكايەت قىلىپ، ئۇنى ۋە ئوغلىنى تۈرمىگە سولاتقۇزۇپ قويۇپتۇ. ئۇلارنىڭ گۇناھسىزلىقىنى ھەممە بىلىدۇ، شۇ موماي سىزگە دەپ بېقىشىمنى ئېيتقانىدى، سىز ئۇلارغا ياردەم قىلالامسىز؟ ئۇلارنىڭ فامىلىسى مېنشوف. ئۆزگىلىپ كېتەي، ئۇنىڭغا بىر ياردەم قىلىپ قويۇڭ، — دېدى ماسلوۋا نېخلىيۇدوفقا يەنە بىر قارىۋې-لىپ، ئارقىدىن تۆۋەنگە بېقىپ كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— ماقۇل، ياردەم قىلاي، — دېدى نېخلىيۇدوف ئۇنىڭ بۈگۈن قىلچە قورۇنماي گەپ قىلىۋاتقىنىغا بارغانسېرى ھەيران بولۇپ، — لېكىن مەن سىز بىلەن ئۆز ئىشىم توغرۇلۇق سۆزلەشمەكچى ئىدىم. ئۆتكەن قېتىم دېگەن گەپلىرىم ئېسىڭىزدىمۇ؟

— جىققىدە بىر گەپلەرنى دېۋىدىڭىز، — دېدى ئۇ.

— سىزدىن ئەپۇ سوراپ كەلدىم، دېۋىدىم، — دېدى نېخلىيۇدوف.

— ئەپۇ قىل، ئەپۇ قىللا دەيسىز، نېمە ھاجىتى ئۇ گەپلەرنىڭ ... ئۇنىڭدىن كۆرە سىز...

— گۇناھىمنى يۇياي دېۋىدىم، — دېدى نېخليۇدوف سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئاغزىمدىلا ئەمەس، ھەرىكىتىم بىلەن يۇياي دەيمەن، مەن سىزگە ئۆيلىنىش قارارىغا كەلدىم.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ماسلوۋانىڭ چىرايىدا بىردىن چۆچۈش ئالامىتى پەيدا بولدى. ئۇنىڭ سەل ـ پەل ئەلەس كۆزلىرى بىر جايدا توختاپ قالدى.

— بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ — دەپ سورىدى ئۇ غەزەپ بىلەن تەرىنى تۈرۈپ.

— تەڭرى ئالدىدا شۇنداق قىلىشىم كېرەكلىكىنى ھېس قىلىپ قالدىم.

— تەڭرى ئالدىدا دېدىڭىزمۇ؟ تەڭرىنى نەدىن تاپ-تىڭىز ئەمدى؟ سىز ئەينى ۋاقىتتىلا تەڭرىنى ئەسلە-شىڭىز كېرەك ئىدىغۇ!

نېخليۇدوف ئۇنىڭ ئاغزىدىن كۈچلۈك ھاراقنىڭ ھىدى كېلىۋاتقانلىقىنى مانا ئەمدى سېزىپ، ئۇنىڭ نېمىشقا مۇنچىۋالا ھاياجانلىنىۋاتقانلىقىنىمۇ ئەمدى چۈشەندى.

— ئۆزىڭىزنى بىرئاز بېسىۋېلىڭ! — دېدى ئۇ.

— ئۆزۈمنى بېسىۋېلىش ھاجەت ئەمەس ماڭا، مەست بولۇپ قاپتۇ دەۋاتامسىز مېنى؟ ھاراق ئىچمىشنى ئىچتىم، لېكىن كاللام ناھايىتى سەگەك، مەن نېمە

دەۋاتقانلىقىمنى ئۆزۈم بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، — دېدى ئۇ ھۆپپىدە قىزارغان ھالدا ئىتتىك-ئىتتىك گەپ قىلىپ، — مەن بىر سۇرگۇندى، مەن بىر جالاپ .... سىز دېگەن بىر بەگزادە، كىنەز. مېنى ئالىمەن دەپ ئۆزىڭىزنى بۇلغاپ نېمە قىلىسىز؟ ئەڭ ياخشىسى، كىنەز قىزلىرىدىن بىرىنى تېپىۋېلىڭ، مېنىڭ نەرخىم ئون رۇبلىلىق بىر ۋاراق پۇل!

— ھەرقانچە قاتتىق-يىرىك گەپلەرنى قىلىسىڭىزمۇ، مېنىڭ كۆڭلۈمدە قانداق ھېس-تۇيغۇنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ بېرەلمەيسىز، — دېدى نېخلىيۇدوف ئاۋازىنى پەسەيتىپ، تىترەپ تۇرۇپ، — سىزنىڭ ئالدىڭىزدا قانچىلىك زور گۇناھ قىلغانلىقىمنى خىيالىڭىزغىمۇ كەلتۈرەلمەيسىز!...

— سىزنىڭ ئالدىڭىزدا قانچىلىك زور گۇناھ قىلغانلىقىمنى...، — غەزەپ بىلەن تەكرارلىدى ماسلوۋا ئۇنىڭ سۆزىنى تەنە ئارىلاش، — لېكىن ئۆز ۋاقتىدا سىز نېمىشقا شۇنداق ھېس قىلمىغان، ئەكسىچە، قولۇمغا يۈز سوملۇق رۇبلىدىن بىرنى تۇتقۇزۇپ قويۇپلا بولدى قىلغان؟ مېنىڭ نەرخىم شۇنچىلىك ئەمەسمۇ؟...

— كاتيۇشا! ... — دېدى نېخلىيۇدوف ئۇنىڭ قولىنى سىلىماقچى بولۇپ.

— نېرىراق تۇرۇڭ مەندىن، مەن دېگەن سۇرگۇندى،

سىز دېگەن كىنەز تۇرسىڭىز، بۇ يەرگە كېلىپ نېمە بار سىزگە؟ — دەپ ۋارقىرىدى غەزەپتىن چىرايى ئۆز-گىرىپ كەتكەن ماسلوۋا قولىنى ئۇنىڭ قولىدىن ئىت-تىك تارتىۋېلىپ، — سىز مەن ئارقىلىق ئۆزىڭىزنى قۇتقۇزماقچى بولۇۋاتامسىز؟ بۇ دۇنيالىقتا مەندىن پايدى-لىنىپ كۆڭلىڭىزنى ئاچقىنىڭىز ئاز كېلىپ، ئەمدى ئۇ دۇنيالىقتىمۇ مەندىن داۋاملىق پايدىلانماقچى بولۇۋاتامە-سىز؟ سىزنى، سىزنىڭ ئاشۇ كۆزەينىكىڭىزنى، ئاشۇ گۆشلۈك ئىپلاس يۈزىڭىزنى ئەمدى كۆرەر كۆزۈم يوق! يوقىلىڭ، مېڭىڭ، دەرھال كۆزۈمدىن يوقىلىڭ! — ماسلوۋا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى.

نازارەتچى چۆچۈپ كېتىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كې-لىپ كايىدى:

— بىشەملىك قىلىشقا رۇخسەت يوق!

نېخليۇدوف نەسىھەت قىلىپ نازارەتچىنى قايتۇرۇ-ۋەتتى، لېكىن ماسلوۋاغا ئەمدى يەنە نېمە دېيىشىنى بىلمەيلا قالدى.

— سىز كېيىمگە ئىشەنمەيۋاتامسىز؟ — دېدى ئۇ.

ماسلوۋا يەنە جايىغا ئولتۇرۇپ، ئۆزىنى ئىلاجىنىڭ بارىچە تۇتتۇۋالدى.

— سىز ماڭا ئۆيلىنىمەن دەيسىز، بۇ ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، سىزگە تەگكەندىن كۆرە، ئېسىلىپ

ئۆلۈۋالغىنىم تۈزۈك!

— مەن يەنىلا كۆچۈمنىڭ يېتىشىچە سىزگە ياردەم قىلىمەن.

— ھە، بۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى ... ئېسىت، نېمىشقىمۇ شۇ چاغدىلا ئۆلۈپ كەتمىگەندىمەن؟! — دېدى ئۇ ئەلەم بىلەن يىغلاپ تۇرۇپ.

ماسلوۋانىڭ نالىسىدىن ئىچى سىيرىلغان نېخليۇدوفنىڭمۇ كۆزلىرى ياشقا تولدى.

ماسلوۋا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قاراپ، ھەيران بولغاندەك قىلدى.

شۇ ئارىلىقتا نازارەتچى يەنە ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، كۆرۈشۈش ۋاقتىنىڭ توشقانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويدى، ماسلوۋا ئورنىدىن تۇردى.

— سىز ھاياجانلىنىپ تۇرۇۋاتىسىز، ئەگەر مۇمكىن بولسا، ئەتە يەنە كېلەي، ھەرھالدا ئويلىنىپ بېقىڭ، — دېدى نېخليۇدوف.

ماسلوۋا جاۋابمۇ بەرمەي، ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي نازارەتچىنىڭ كەينىدىن چىقىپ كەتتى.

## 17

— راست، بۇ ھېلىقى ئىشنىڭ تەسىرى ئەمەسمۇ؟ — دەپ ئويلىدى نېخليۇدوف تۈرمىدىن چىقىۋېتىپ

بۇگۇن ماسلوۋا قىلغان گەپلەرنى ئويلىغاچ، بۇ گەپلەر گەرچە قۇلاققا ياقمىسىمۇ، هازىرغا قەدەر، ئۆزىنىڭ كاتيۇشاغا قىلغان زىيانكەشلىكىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇرلۇقىنى تونۇپ يەتكەنلىكىنى هېس قىلدى.

نېخليۇدوف دەرۋازا ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، بىر نازارەتچى ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، سىرلىق هالدا ئۇنىڭغا بىر پارچە خەت بەردى.

— بۇنى سىزگە، جانابىي ئالىيلىرى، بىر ئايال بېرىۋىدى...، — دېدى ئۇ.

ئۇ خەتنى قولىغا ئېلىپ، تۇرمىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ بىر قۇر ئوقۇدى. خەت قېرىنداش قەلەم بىلەن ناهايىتى چىرايلىق يېزىلغانىدى:

— سىزنىڭ جىنايى ئىشلار بويىچە سوتلانغان بىر مەهبۇس ئايالغا كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرمىگە پات-پات كېلىپ تۇرىۋاتقانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ، سىز بىلەن كۆرۈشكۈم كېلىپ قالدى. كۆرۈشكەندە، مەن سىزگە نۇرغۇنلىغان مۇهىم ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىمەن. سىزگە تەشەككۇر ئېيتىپ: ۋېرابوگو دۇخوۋسكايا.

نېخليۇدوف ۋېرانى — نوۋگورود ئۆلكىسىنىڭ چەت بىر يېزىسىدىكى ئايال ئوقۇتقۇچىنى تونۇيتتى. بىر قېتىم نېخليۇدوف دوستلىرى بىلەن بىللە شۇ يەرگە ئوۋ ئوۋلىغىلى بېرىپ قالدى. شۇ چاغدا ۋېرا شۇ يەر-

دىكى چىركاۋدىكى ياردەمچى پوپىنىڭ قىزى بولۇپ، ئو-
رۇق، لېكىن ساغلام كەلگەن تاغلىق كەنت قىزى ئىدى.
بىر كۈنى ۋېرا نېخليۇدوفنى كۆرۈپ قېلىپ، ئوچۇق
كۆڭۈللۈك بىلەن: سىز بىر باي ئادەم ئىكەنسىز، پۇلى-
ڭىزنى يوقىلاڭ ئىشلارغا خەجلەيدىكەنسىز، ئۇنىڭدىن
كۆرە ماڭا ئازراق قەرز بېرىپ تۇرسىڭىز، يۇقىرى دەرى-
جىلىك قىزلار مەكتىپىگە كىرىپ ئوقۇيالىغان بولاتتىم،
80 رۇبلى بولسىلا بولىدۇ، ... دېدى. نېخليۇدوف ئۇنىڭ-
دىن تەسىرلىنىپ، خۇشال هالدا پۇل بەردى. گەرچە بۇ
ئىش ئۇنىڭ هەمراهلىرى تەرىپىدىن پەسكەش لەتىپىگە
ئايلاندۇرۇپ قويۇلغىلى قىل قالغان ۋە شۇ مۇناسىۋەت
بىلەن ئۇلار قاتتىق تاكاللاشقان بولسىمۇ، لېكىن شۇ
قېتىملىق ئوۋ ئوۋلاش ئۇنىڭ هاياتىدىكى بىر گۈزەل
ئەسلىمە بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ قىزغا هە-
قىقەتەن ياردەم بېرەلىگەنلىكىنى ئويلىغىنىدا، ئۆزىنى
شۇ قەدەر خۇشال، شۇ قەدەر بەختلىك هېس قىلاتتى!
ئورمان، قارلىق دالا، بۇغىلار، ئۆچەكتىكى ئېيىقلار...
ئەسلىدە ناهايىتى ئادەتتىكىچە بولغان جىمىكى نەرسىلەر
ئۇنىڭغا هوزۇر ـ هالاۋەت بېغىشلايدىغان نەرسىلەرگە ئاي-
لانغانىدى.

ئۇنداق سېزىم ئۇنىڭدا قايتا پەيدا بولۇپ باققىنى
يوق.

روشەنكى، ئەينى يىللاردىكى شاكىچىك ۋېرا هازىر

ئىنقىلابچى بولغان بولسا كېرەك، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تۈرمىدە يېتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشۈم كې-رەك....

نېخليۇدوف ئەتىسى سەھەردە پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى ماسلېننىكوفنىڭكىگە ماڭدى. ئۇ ئۇنىڭدىن تۈرمىگە كىرىپ ماسلوۋا بىلەن، شۇنىڭدەك ماسلوۋا تاپشۇرغان ئانا ـ بالا مېنشوفلار بىلەن، يەنە ۋېرا بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن رۇخسەت سورىماقچى ئىدى. ماسلېننىكوف ئۇنىڭ ئارمىيىدىكى كونا دوستى ئىدى، ئۇ كىشىلەرگە ئىنتايىن سەمىمىي، ھۆكۈمەت ئىشىغا ئۆزىنى بېغىشلىغان، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان ئادەم ئىدى. كېيىن ئۇ دۆلەتمەن ۋە زېرەك بىر ئايالغا ئۆيلەندى. ئارمىيىدىن ئايرىلىپ، مەمۇرىي ئەمەلدار بولدى. نېخليۇدوف ئۇنىڭ ئۆيلەنگەندىن كېيىن تېتىقسىز بو-لۇپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ، پەيدىنپەي ئۇنىڭ بىلەن ئانچە كۆپ بېرىش ـ كېلىش قىلماس بولدى.

نېخليۇدوفنى كۆرۈپ ماسلېننىكوفنىڭ گۈلقەقە-لىرى ئېچىلىپلا كەتتى. ئۇنىڭ يۈزلىرى ھېلىمۇ يۇپ-يۇمىلاق سېمىز ھەم قىپقىزىل بولۇپ، ساغلاملىق چىقىپ تۇراتتى.

— ئوھو، يوقلاپ كەلگەنلىكىڭ ئۈچۈن رەھمەت، يۇر، ئايالىمنىڭ قېشىغا كىرەيلى، يىغىن ئېچىلغۇچە يەنە ئون مىنۇت ۋاقتىم بار. بىلەمسەن، ھازىر

باشلىقىمىز يوق، ئۆلكىنىڭ ئىشلىرىنى مەن تۇتۇپ تۇرۇۋاتىمەن، — دېدى ئۇ ئۆز خۇشاللىقىنى يوشۇرالماي.

— مەن ساڭا بىر ئىش بىلەن كېلىۋىدىم.

— ھە، نېمە ئىش؟ — سەل چۆچۇگەندەك سەگەكلىشىپ سورىدى ماسلېننىكوف.

— تۈرمىگە بېرىپ بىر ئادەم بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىدىم....

«تۈرمە» دېگەن سۆزنى ئاڭلاش بىلەن ماسلېننىكوفنىڭ چىرايى تېخىمۇ جىددىيلەشتى ـ دە، گەپنى دىققەت بىلەن ئاڭلىدى.

— ئادەتتىكى كىشىلەردەك ئومۇمىي سورۇندا ئەمەس، ئىشخانىدا، بەلگىلەنگەن كۈنلەردىلا ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكى كۈنلەردىمۇ ئۇچرىشىپ تۇرۇشنى خالايتتىم. مۇشۇنداق ئىشلارنى سېنى باشقۇرىدۇ، دەپ ئاڭلىدىم.

ماسلېننىكوفنىڭ جىددىيلىكى پەسكويغا چۈشتى.

— بۇ ئىشنى قىلىپ بېرەلەيمەن.

نېخليۇدوف ئۇنىڭغا ماسلوۋانىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇردى، ماسلېننىكوف بۇلارغا ئانچە پىسەنت قىلمىدى، ئۇ: ئادالەتلىك سوت ئۇۋالچىلىق تۇغدۇرمايدۇ، دەپ قارايتتى، ئۇ نېخليۇدوفنىڭ «لىبېرال» لىقىنى مەسخىرە قىلدى، شۇنداقتىمۇ ياردەم بېرىشكە ماقۇل بولدى. نېخليۇدوف ئۇلاپلا ۋېرا بىلەن كۆرۈشۈشنىمۇ تەلەپ قىلدى. ماسلېننىكوف ئۇنىڭ سىياسىي مەھبۇس

ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ قالدى. لېكىن ئۇنىڭ-
غىمۇ ماقۇل بولۇپ:

— مەن ساڭا ئىككى تەرەپلىمە ئىشلەيدىغان رۇخ-
سەت قەغىزى يېزىپ بېرەي، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ ئىش ھەل بولدى. نېخلىيۇدوف
ماسلېننىكوفنىڭ خوتۇنى بىلەن كۆرۈشۈش ھەققىدىكى
تەكلىپىنى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن رەت قىلدى. ماس-
لېننىكوف ئۆز ئادىتى بويىچە، ئۇنى پەلەمپەينىڭ بى-
رىنچى باسقۇچىغىچە ئۇزىتىپ قويدى — ئۇ دائىم بى-
رىنچى دەرىجىلىك ئەمەس، بەلكى ئىككىنچى دەرىجىلىك
مېھمان دەپ ھېسابلىغانلىرىنى مەشەگىچە ئۇزىتىپ
قوياتتى....

## 18

نېخلىيۇدوف ماسلېننىكوفنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ
ئۇدۇل تۈرمىگە باردى. ئۇ تۈرمە باشلىقىنى تېپىپ، ئۆ-
زىنىڭ كېلىش مۇددىئاسىنى ئېيتتى ھەمدە ئۆلكە
باشلىقى ماسلېننىكوفنىڭ رۇخسەت قەغىزىنى كۆر-
سەتتى. ئويلىمىغان يەردىن، تۈرمە باشلىقى:

— ماسلوۋا بىلەن بۈگۈن كۆرۈشەلمەيسىز، ئەپلەش-
مەسمىكىن، — دېدى.

— نېمىشقا؟

— بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىڭىز ئەيىبلىك، — دېدى تۈرمە باشلىقى بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ، — سىز بىۋاستە ئۇنىڭ قولىغا پۇل بەرمەڭ، كىنەز. ئەگەر بەرمەكچى بولۇپ قالسىڭىز، ۋاقتىنچە ماڭا بېرىپ قو- يۇپ تۇرۇڭ، ھەممىسى ئۇنىڭ ئۆزىگە تېگىدۇ. ئۇ، قو- لىغا پۇل كىرسىلا ھاراق ئىچىدۇ، بۈگۈن ئۇ غەرق مەست، ھەتتا جېدەلمۇ تېرىدى.

نېخليۇدوف تۈنۈگۈنكى ئەھۋالنى ئەسلەپ، يەنە قورقۇپ قالدى.

— ئەمسە، سىياسىي مەھبۇس بوگو دۇخوۋسكايا بىلەن كۆرۈشسەم بولامدۇ؟

— ھە، بۇنىڭغا بولىدۇ، — دېدى تۈرمە باشلىقى....

تۈرمە باشلىقى نېخليۇدوف بىلەن بىللە تۈرمە تە- رەپكە قاراپ ماڭدى. يولدا كېتىۋېتىپ، ئۇ يەنە ئانا - بالا مېنشوپلارنى تىلغا ئالدى. تۈرمە باشلىقى مۇئاۋىن تۈرمە باشلىقىغا:

— نېخليۇدوفنى ئالدى بىلەن مېنشوفنىڭ كامې- رىغا باشلاپ بېرىپ، كېيىن ئىشخانىغا باشلاپ كېلىپ بوگو دۇخوۋسكايا بىلەن كۆرۈشتۈرۈڭ، — دەپ تاپىلىدى.

مېنشوفنى سولىغان كامېرغا كىرىدىغان كارىدور تار، قاراڭغۇراق، ھاۋاسىمۇ سېسىقراق ئىدى. كارىدورنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى كامېرلار قۇلۇپلاقلىق ئىدى. كا-

مېرلارنىڭ ئىشىكلىرىگە تۆشۈك قويۇلغان بولۇپ، بۇ تۆشۈكلەر «كۆز» دەپ ئاتىلاتتى. كارىدورنىڭ ئىچى بوش بولۇپ، چىرايىنى قورۇق بېسىپ كەتكەن، مەيۈس قېرى نازارەتچىدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. ئۇ مۇئاۋىن تۈرمە باشلىقىغا، مېنشوفنىڭ سول تەرىپتىكى سەككىزىنچى كامېردا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى.

مېنشوف باشتا مۇئاۋىن تۈرمە باشلىقىغا قاراپ سەل ھودۇقتى، مۇئاۋىن تۈرمە باشلىقى كامېردىن كارىدورغا چىقىپ، ئاللىنېملەرنى تاپشۇرۇشقا باشلىغاندا، مېنشوف دادىللىشىپ، ئىشىنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى ئۆز ئەينى سۆزلەپ بەردى: ئۇ ئۆيلىنىپ ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي، بىر قاۋاقخانىنىڭ خوجايىنى ئۇنىڭ خوتۇنىنى ئۆزىگە ئۆگىتىۋاپتۇ، ئۇ نۇرغۇن يەرگە بېرىپ دەرد ئېيتىپتۇ، ھېچكىمنىڭ كارى بولماپتۇ. قاۋاقخانا خوجايىنى ھەممىلا يەردە ئەمەلدارلارنى سېتىۋېلىپ، قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچرىماي كۆرەڭلەپ يۈرۈۋېرىپتۇ. بىر قېتىم مېنشوف خوتۇنىنى زورمۇزور ياندۇرۇپ كەلگەن ئىكەن، ئەتىسى ئەتىگەندە يەنە قېچىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خوتۇنىنى يەنە قاۋاقخانىدا كۆرۈپ، ئالغىلى بېرىپتۇ، قاۋاقخانا خوجايىنى خوتۇنۇڭ بۇ يەرگە كەلمىدى دەپ، قاراپ تۇرۇپ يالغان ئېيتىپ، ئۇنى يوقال بۇ يەردىن، دەپ قوغلاپتۇ، ئۇ كەتمەپتۇ. قاۋاقخانا خوجايىنى

مالايلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئۇنى ئۇرۇپ، ئاغزى ـ بۇر-
نىنى قان قىلىۋېتىپتۇ. ئەتىسى قاۋاقخانا خوجايىنىنىڭ
ھويلىسىغا ئوت كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قاۋاقخانا خو-
جايىنى ئانا ـ بالا ئىككىسىنى ئوت قويدى، دەپ ئەيىب-
لەپتۇ.... شۇنداق قىلىپ ئانا ـ بالا ئىككىسى بۇ يەرگە
تۇتۇپ كېلىنىپتۇ.

— ئوتنى راستىنلا سەن قويمىغانمۇ؟

— خىيالىمغا كەلگەن بولسا نېمە دەي، غوجام، ئۇ
كۈنى مەن چوقۇندۇرغان ئاتامنىڭكىدە ئىدىم. بۇ ئوتنى
چوقۇم ئاشۇ بۇزۇق سوغۇرتا پۇلىغا ئېرىشىش مەقسى-
تىدە ئۆزى قويدى. ئۇ ئۆيىنى يېقىندىلا سوغۇرتىغا
ئۆتكۈزدى، دەپ ئاڭلىۋىدىم. راست، مەن ئۇنىڭغا پوپوزا
قىلغان، ئۇنى تىللىغان، قانداق قىلاي، ئاچچىقىم ئى-
چىمگە پاتمىدى. لېكىن ھەرنېمە دېسىمۇ، ئوتنى مەن
قويمىدىم....

مېنشوف سۆزلەپ ـ سۆزلەپ يىغلىۋەتتى، ئۇ چاپى-
نىنىڭ يېڭىنى تۇرۇۋېتىپ، كۆڭلىكىنىڭ كىر يېڭى
بىلەن ياشلىرىنى سۈرتتى.

مۇئاۋىن تۇرمە باشلىقى كىرىپ كەلدى.

— روھسىزلانماڭ، — دېدى نېخليۇدوف يىغىتكە
تاپىلاپ كامېردىن چىقىپ كەتتى.

دەل چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولغاچقا، كارىدورغا

كىشىلەر تولۇپ كەتكەنىدى، ئۇلار نېخلىيۇدوفقا ئاچكۆز-
لۇك بىلەن قارىشاتتى. ئۇ يەنە بىر كارىدورغا بۇرۇلۇۋات-
دى، بىرەيلەن نېخلىيۇدوفنىڭ مۇشۇ تەرەپكە كېلىۋاتقان-
لىقىنى سېزىپ، دەرھال كامېرنىڭ ئىشىكىدىن كىرىپ
كېتىۋىدى، ئارقىدىنلا كامېردىن بىر مۇنچە ئادەم چىق-
تى. ئۇلار نېخلىيۇدوفنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۇنىڭغا تەزىم
قىلغان ھالدا تۇشمۇتۇشتىن سۆزلىگىلى تۇردى:

— جېنىم غوجام، رەھىم قىلىپ بىز ئۈچۈن بىر
گەپ قىلىپ قويسىلا.

— بىز ھېچبىر گۇناھ قىلغىنىمىز يوق، لېكىن
بىر ئايدىن ئاشتى، تۈرمىدە يېتىۋاتىمىز!

— قانداقسىگە؟ نېمىشقا؟ — سورىدى نېخلىيۇدوف.

— راست، بۇ ئىش شۇنداق بولۇپ قالدى، — دېدى
مۇئاۋىن تۈرمە باشلىقى، — بۇ كىشىلەر كىملىكى بول-
مىغاچقا قامالغان. ئەسلى ئۇلارنى ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق
ئورۇنغا قايتۇرۇۋېتىش كېرەك ئىدى، لېكىن ئۇ يەردە
تۈرمىگە ئوت كېتىپتۇ. بۇلارنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى
بۇ كىشىلەرنى ۋاقتىنچە ئەۋەتمەي تۇرۇشىمىزنى ئېيە-
تىپتۇ. بىز باشقا ئۆلكىلەرنىڭكىنى تولۇق ماڭدۇرۇۋەت-
تۇق، بۇلارنى ھازىرچە تۇتۇپ تۇرۇۋاتىمىز.

— ئاغزىڭنى يۇمۇش! — دەپ ۋارقىرىدى مۇئاۋىن
تۈرمە باشلىقى غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ،

كۆپچىلىكنىڭ ئاغزى شۇئان يۇمۇلدى.

نېخليۇدوف مۇئاۋىن تۈرمە باشلىقىغا ئەگىشىپ كارىدوردا كېتىۋېتىپ يەنە سورىدى:

— راستتىنلا گۇناھسىز ئادەملەر قاماپ قويۇلغان-مىدۇ؟

— لېكىن بۇنىڭغا نېمە ئامال بار؟ بىراق ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يالغان ئېيتىدۇ، ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كەلسىڭىز، ھەممىسى گۇناھسىز، — دېدى مۇئاۋىن تۈرمە باشلىقى كۆرەڭلىگىنىچە گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئۇلارنى قاتتىق تۇتماي بولمايدۇ، شۇڭلاشقا تۈنۈگۈن ئىككى مەھبۇسنى چىۋىق بىلەن ئۇرغۇزدۇق....

نېخليۇدوف تۈنۈگۈن ماسلوۋا بىلەن كۆرۈشۈشنىڭ شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت دەخلىگە ئۇچرىغانلىقىنى، تۈرمىدىكى كىشىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئالاقزادە بولغانلىقىنى شۇندىلا چۈشەندى، شۇ چاغدا مەھبۇسلار جازالىنىۋاتقان ئىكەن-دە!

ۋېرابوگو دۇخوۋسكايا ئارقا ئىشىكتىن كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ بويى پاكار، ئۆزى ئورۇق، چېچى قىسقا قىلىپ قىرقىلغان، مېھرىبان كۆزلىرى چوڭ-چوڭ ئىدى.

— ھە، كېلىپسىز-دە، رەھمەت سىزگە، — دېدى ئۇ نېخلىيۇدوفنىڭ قولىنى سىقىپ، — مېنى

ئۇنتۇمىغانسىز؟

—سىزنى مۇنداق ئەھۋالدا كۆرەرمەن دەپ ئويلىماپ-تىكەنمەن، — دېدى نېخلىيۇدوف دەماللىققا نېمە دېيە-شىنى بىلەلمەي.

نېخلىيۇدوف ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سوراشقا باشلىدى. ئۇ ئۆز خىزمىتى توغرۇلۇق ناھايىتى جانلىنىپ سۆزلەپ كەتتى. ئۇنىڭ سۆزى «تەشۋىقات»، «پارچىلىنىش»، «تەشكىلات»، «گورۇپپا»، «ئاساسىي قاتلام گورۇپپىلىرى» دېگەنگە ئوخ-شاش چەت ئەل ئاتالغۇلىرى بىلەن تولغانىدى. لېكىن نېخلىيۇدوف بۇلارنى ھېچقاچان ئاڭلاپ باقمىغانىدى.

نېخلىيۇدوف ئۇنىڭ ئورۇق، ئاجىز، ياداڭغۇ ھەم ئا-دەتتىن تاشقىرى ھاياجانلىنىپ كەتكەن تۇرقىغا قاراپ، خۇپسىيانە ھەيران قالدى، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى، ئۇنى نېمىشقا سۆز-لەپ بېرىۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمىدى. ئۇ ئۇنى بىچارە ئىكەن، مېنىشوفتىنمۇ بىچارە ئىكەن، دەپ ھېس قىلى-دى....

ئەمەلىيەتتە، ۋېرانىڭ نېخلىيۇدوفقا دېمەكچى بولغى-نى مۇنداق بىر ئىشى ئىدى: ئۇنىڭ شۇستوۋا دەيدىغان بىر دوستى بار بولۇپ، ۋېرالارنىڭ ئاساسىي قاتلام گۇ-رۇپپىسىغا تەۋە ئەمەس ئىكەن، لېكىن بۇنىڭدىن بەش ئاي بۇرۇن ئۇ ۋېرا بىلەن تەڭلا قولغا ئېلىنىپ، ھازىر

پېتروپاۋلوۋ قورغۇلىدا قاماقتا يېتىپتۇ. شۇستوۋانىڭ قولغا ئېلىنىشىغا ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ ئۆيىدىن باشقىلار ئامانەت قويغان كىتابلار بىلەن ھۆججەتلەر چىقىپ قالغانلىقى سەۋەب بولغانىدى. ۋېرا شۇستوۋانىڭ قامىلىپ قېلىشىدا مېنىڭمۇ مەسئۇلىيىتىم بار، دەپ قارايدىكەن، شۇڭا ئۇ نېخلىيۇدوفتىن شۇستوۋانىڭ قويۇپ بېرىلىشى ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە ئۇرۇنۇپ بېقىشنى ئۆتۈنىدى. ۋېرانىڭ ئۇنىڭغا تاپشۇرماقچى بولغان يەنە بىر ئىشى پېتروپاۋلوۋ قورغۇلىدا قاماقتا ياتقان ئەر سىياسىي مەھبۇس — گۇركېۋىچنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرۇشى ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئىشىدا زۆرۈر ئىلمىي كىتابلارنى كۆرۈپ تۇرۇشى ئۈچۈن رۇخسەت ئېلىشىنىڭ بىرەر ئامالىنى قىلىپ بېقىشتىن ئىبارەت ئىدى.

نېخلىيۇدوف بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ماقۇل بولدى.

ۋېرا ئۆز سەرگۈزەشتىلىرى توغرۇلۇقمۇ سۆزلەپ بەردى: ئۇ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن خەلق ئىرادىسى پارتىيىسى (1879 ـ يىلى روسىيە نارودنىكلىرى چارروسىيىنىڭ مۇستەبىت تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن قۇرغان مەخپىي تەشكىلات) دىكىلەر بىلەن يېقىنلىشىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى يېزىپتۇ، زاۋۇت ـ فابرىكىلارغا بېرىپ تەشۋىق قىپتۇ. كېيىن مۇھىم بىر ئادىمى قولغا ئېلىنىپ، ھۆججەتلىرى قولغا چۈشۈپ قاپتۇ ـ دە، زور بىر تۈركۈم ئادەم

ئاشكارىلىنىپتۇ، ئۇمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدە ئىكەن....

— مەنمۇ سۈرگۈن قىلىنىش ئالدىدا تۇرىمەن، ... لېكىن ئۇنىڭ كارايىتى چاغلىق، ئۇزۇمنى ناھايىتى جەسۇرانە، كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ھېس قىلىماقتى-مەن، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ.

ۋېرا دېمەكچى بولغان ئۇچىنچى ئىش ماسلوۋا توغ-رىسىدا ئىدى. تۈرمىدىكى ئىشلارنىڭ تېزلا ھەممىگە يېيىلىپ كەتكىنىدەك، نېخليۇدوفنىڭ ماسلوۋا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىنمۇ ئۇ ئاللىبۇرۇن خەۋەر تاپقانىدى. شۇڭا ئۇ نېخليۇدوفقا ماسلوۋانى سىياسىي مەھبۇسلار-نىڭ يېنىغا ياكى ھېچبولمىغاندا، دوختۇرخانىغا سېستىرالىققا يۆتكەشكە تىرىشىپ كۆرۈشنى تەكلىپ قىلىپ، بۇنداق قىلىش ماسلوۋا ئۈچۈن پايدىلىق دېدى. نېخليۇدوف ياخشى مەسلىھەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ-نىڭغا رەھمەت ئېيتىپ، ئۇنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ۋاقىت ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ سۆھ-بىتى تۈگىمەستىنلا، تۈرمە باشلىقى ئۇلارنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى:

— جانابلار، ۋاقىت توشتى، ۋاقىت توشتى!

## 19

ئەتىسى نېخليۇدوف ئادۋوكاتنىڭكىگە باردى. ئادۋو-

كات ئانا ـ بالا مېنشوفلارنىڭ گۇناھسىزلىقى ھەققىدىكى دېلو ئەھۋالىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دېلو ماتېرىياللىرىنى ئالدۇرۇپ تەكشۈرۈپ كۆرىدىغانلىقىنى، مۇبادا ئىش راستىنلا شۇنداق بولىدىغان بولسا، ھېچقانداق ھەق ئالمايلا ئاقلاش ئىشىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. نېخليۇدوف گەپ ئارىسىدا يەنە ئادۋوكاتقا قانداقتۇر ئۇقۇشماسلىق سەۋەبىدىن قاماپ قويۇلغان بىر يۈز ئوتتۇز ئادەمنىڭ پارىگىنى قىلىپ بەردى ۋە بۇ ئىشقا كىم مەسئۇل ئىكەنلىكىنى، كىمنىڭ سەۋەنلىكىدىن بولغانلىقىنى سورىدى. ئادۋوكات بىردەم جىم تۇرۇپ كېتىپ:

— بۇ كىمنىڭ سەۋەنلىكىدىن بولغان، دەمسىز؟ ھېچكىمنىڭ، — دېدى ئۇ، — ئەگەر باش تەپتىشكە بېرىپ دېسىڭىز، ئۇ بۇنى ئۆلكە باشلىقىنىڭ سەۋەنلىكىدىن بولغان ئىش، دەيدۇ. ئەگەر ئۆلكە باشلىقىغا بېرىپ ئېيتسىڭىزچۇ، ئۇ بۇنى باش تەپتىشنىڭ سەۋەنلىكىدىن بولغان ئىش، دەيدۇ، خالاس....

نېخليۇدوف ئادۋوكات بىلەن خوشلىشىپ، يەنە ماسلېننىكوفنىڭكىگە كەتتى.

نېخليۇدوف ماسلېننىكوفتىن ئىككى ئىشنى ئۆتۈنمەكچى ئىدى: بۇنىڭ بىرى، ماسلوۋانى دوختۇرخانىغا يۆتكەپ قويۇش؛ يەنە بىرى، كىملىكى يوق بىر يۈز

ئوتتۇز ئادەمنىڭ بىگۇناھ قاماپ قويۇلۇشى ئىدى. ئۇزى ھۆرمەت قىلمايدىغان ئادەمدىن بىرەر ئىشنى ئۆتۈنۈش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلسىمۇ، مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، شۇنىڭغا كۆنۈشكە توغرا كېلەتتى.

نېخليۇدوف پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ ماسلېننىكوفنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، دەرۋازا ئالدىدا كاتتا بېزەلگەن خېلى كۆپ پەيتۇنلارنىڭ تۇرغانلىقىنى، بۇنىڭ ئىچىدە كور-چاگىنلارنىڭ سايىۋەنلىك تۆت چاقلىق پەيتۇنىنىڭمۇ بارلىقىنى كۆرۈپ، بۈگۈن دەل ماسلېننىكوفنىڭ خو-تۇنىنىڭ مېھمان قوبۇل قىلىش كۈنى ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىمۇ شۇ كۈنى كېلىپ قاتنىشىپ بېرىشىنى قىزغىنلىق بىلەن ئۆتۈنگەنلىكىنى توساتتىنلا ئەسلە-دى.... نېخليۇدوف پەيتۇندىن چۈشكەندىن كېيىن، دەرۋازىۋەندىن ماسلېننىكوفنىڭ نەدىلىكىنى سورىغۇچە، مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى بولغۇچى جاناب ھەربىي ساھە-دىكى ناھايىتى مۇھىم بىر مېھماننى ئۇزىتىپ چىقىپ قالدى. بۇ قېتىم ساھىبخان مېھماننى تاكى پەلەمپەي-نىڭ ئاستىغىچە ئۇزىتىپ قويدى.

نېخليۇدوفنى كۆرۈپ ماسلېننىكوف ئىنتايىن خۇ-شال بولدى، ئۇ نېخليۇدوفنى قولتۇقلاپ، يۆلەشتۇرۇپ دېگۈدەك بىناغا ئېلىپ چىقتى.

ماسلېننىكوف بۈگۈن ھېلىقى ناھايىتى مۇھىم

مېھمانلىرىنىڭ ئۆزىنى ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەنلىكى ئۈ-چۈن، ئالاھىدە خۇشال، روھى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. ماس-لېنىنكوف شۇ مىنۇتتا خۇددى مىجەز - خۇيى ياۋاش پىستە ئىتنى ئىگىسى سىلاشتۇرۇپ، دۇمبىسىگە ئۇرۇپ، قۇلىقىنىڭ كەينىنى قاشلاپ قويسا ئاجايىپ سۆيۈنۈپ خۇش بولۇپ، گاھ قۇيرۇقلىرىنى شىپاڭشىتىپ ئويناق-لىسا، گاھ بەدەنلىرىنى تولغاپ، تۇگۇلۇپ سەكرەپ ئى-گىسىنى تەلۋىلەرچە پىرقىراپ ئايلىنىپ كېتەلمىگەن-دەك ... بىر خىل ھالەتتە ئىدى. ئۇ نېخلىيۇدوفنىڭ تۇ-تۇق چىرايىغا پەقەت دىققەت قىلىپمۇ قويماي، گۇلقەغە-لىرى ئېچىلغان ھالدا ھە دەپ ئۇنى مېھمانخانىغا سۆرە-ۋەردى.

ئۇلار مېھمانخانىغا كىرگۈچە، مۇلازىم خەۋەر قى-لىپ ئۈلگۈرگەنىدى. مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقىنىڭ خانىمى ئاننا ئىگنايتىيېۋنا—ئۆزىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا گې-نېرال خانىمى—ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان كىشىلەر ئارى-سىدىن خۇش تەبەسسۇم بىلەن نېخلىيۇدوفقا قاراپ باش لىڭشىتتى.

ساھىبخان بىلەن مېھمانلار ئوتتۇرىسىدا فرانسۇزچە ئارىلاشقان رۇس تىلىدىكى ياكى رۇسچە ئارىلاشقان فرانسۇز تىلىدىكى نازاكەتلىك قۇرۇق گەپ سۆھبىتى باشلىنىپ كەتتى، ھەممەيلەن ناھايىتى كۈچەپ پاراڭ سېلىشتى. نېخلىيۇدوفتا ئەمدى مۇنداق ھەۋەس يوق

ئىدى. ئۇ توساتتىن كىنەز قىزى مىسسىنى كۆرۈپ قالدى.

مىسسى بۇگۈن ناھايىتى چىرايلىق بولۇپ كەت- كەندى، ئۇ نېخلىيۇدوفنى كۆرۈپ، ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتى.

—مەن سىزنى كېتىپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ يۈرۈپتىمەن، — دېدى ئۇ.

— كېتىپمۇ قالاتتىم، — دېدى نېخلىيۇدوف، — بەزى ئىشلىرىم پۈتمەي قالدى، بۇ يەرگىمۇ بىر ئىش بىلەن كېلىۋىدىم.

— بىزنىڭكىگە بېرىپ ئانام بىلەن كۆرۈشۈپ كې- تىڭ، سىزنى تولا سورايدۇ، — دېدى مىسسى، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ يالغان ئېيتىۋاتقانلىقىنى بىلگەچكە، تېخىمۇ قىزىرىپ كەتتى.

— بارغىلى ۋاقتىم يېتەرمىكىن، — دېدى نېخلىيۇ- دوف چىرايىنى ئاچماي، ئۇنىڭ قىزارغىنىنى كۆرمەسكە سېلىپ.

مىسسى ئاچچىقلاپ تەرىنى تۈرۈپ، مۈرىسىنى قى- سىپ قويدى ۋە ناھايىتى پۈزۈر كىيىنگەن بىر ئوفىت- سېر تەرەپكە بۇرۇلدى ـ دە، غەرەزلىك ھالدا قاقاقلاپ كۈلدى.

نېخلىيۇدوف ئايال خوجايىنىنىڭ يېنىغا كەلگەن، يۈ- زىنى قورۇق بېسىپ كەتكەن، بىنەپشە رەڭ بانتىك تا-

قىغان بىر قېرى ئايال مېھمان بىلەن سالاملىــشىــش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ماسلېنـ ـنىكوفنىڭ يېنىغا باردى.

— خوش، ئەمدى بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلىــسام ئاڭلاپ باقامسەن؟

— ھە، بولىدۇ! نېمە گەپ ئىدى؟ قېنى، بۇياقــقــا كەلگىنە.

ئۇلار ياپونچە ياسالغان كىچىككىنە بىر كىتابخــانــا ئۆيگە كىرىپ دېرىزە ئالدىدا ئولتۇردى.

— ساڭا ھاۋالە قىلىدىغان ئىككى ئىشىم بار ئىدى.

ماسلېنىنىكوفنىڭ چىرايى شۇ زامات تۇتۇلۇپ، بوـ شىشىپلا كەتتى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى شادلىقتىن — ئىـ گىسى قۇلىقىنىڭ كەينىنى قاشلاپ قويغاندىن كېيىنـ كى پىستىنىڭ شادلىقىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى. ماسلېنـ ـنىكوف مېھمانخانىدىكى ئەر ـ ئاياللارنىڭ كۈلكە ـ چاقـ چاقلىرىنى ئاڭلىغاچ ئولتۇرۇپ، نائىلاج نېخلىيۇدوفنىڭ گېپىنى تىڭشىدى.

— مەن يەنە ھېلىقى خوتۇننىڭ ئىشى بىلەن كېـ لىۋىدىم، — دېدى نېخلىيۇدوف.

— ھە، ھېلىقى ناھەق كېسىلگەن خوتۇنغۇ، بىلىـ مەن، بىلىمەن.

— مەن شۇ ئايالنى دوختۇرخانىغا سېستىرالــىــقــا يۆتكەپ قويۇشۇڭنى ئۆتۈنمەكچى ئىــدىم، شــۇنــداق

قىلغىلى بولىدۇ، دەپ ئاڭلايمەن.

ماسلېننىكوف نائىلاج ماقۇل بولدى:

— ئەتە چوقۇم بىر خەۋىرىنى بېرىمەن.

— يەنە بىر ئىش، — دېدى نېخلىيۇدوف، — ھازىر بىر يۈز ئوتتۇز دېھقان كىملىكىنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈنلا تۈرمىدە قامىلىپ يېتىپتۇ.

— بۇلارنى سەن نەدىن ئۇقتۇڭ؟ — سورىدى ماسلېننىكوف. ئۇنىڭ چىرايىدا بىردىن بىئاراملىق ۋە نارازىلىق ئالامىتى پەيدا بولدى.

— مەن بىر جاۋابكارنىڭ يېنىغا بېرىۋىدىم، شۇ چاغدا ئۇلار كارىدوردا مېنى ئورىۋېلىپ...

— قايسى جاۋابكارنىڭ يېنىغا بېرىۋىدىڭ؟

— بىگۇناھ ئەيىبلەنگەن بىر دېھقاننىڭ يېنىغا. ئەجەبا، ئاشۇ ئادەملەر گۇناھسىز تۇرۇقلۇق، كىملىكىنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈنلا قاماپ قويۇلسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە...

— بۇ — باش تەپتىشنىڭ ئىشى، — ماسلېننىكوف غەزەپ بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى.

— ئۇنداقتا، سەن ھېچنېمە قىلالامسەن؟

— مەن ئەلۋەتتە باشقۇرالايمەن.

مېھمانخانىدىن يەنە كۈلكە ـ چاقچاق ساداسى كەلدى. ئۇلار ئۆزلىرى كۆڭۈل بۆلمەيدىغان بىر ئايال ھەققىدە پاراڭلىشىۋاتقاندەك، يەنە ئۆزئارا گەپ ئېيتىشىپ

ئويىنىشىۋاتقانداك قىلاتتى.

— بوپتۇ ئەمىسە، ھەممە ئىشىڭنى بىجىرىپ بې-رەي، بولامدۇ، — دېدى ماسلېننىكوف ئورنىدا ئولتۇرال-ماي، فىروزا كۆزلۈك ئۈزۈك تاقىغان ئاپئاق قولىنى سوزۇپ تاماكىسىنى ئۆچۈردى، — يۈر ئەمدى، خېنىم-لارنىڭ يېنىغا بارايلى.

— توغرا، يەنە بىر ئىش، — دېدى نېخليۇدوف مېھمانخانىغا كىرمەي ئىشىك ئالدىدا توختاپ، — تۈنۈ-گۈن تۈرمىدە مەھبۇسلارغا تەن جازاسى بېرىلدى دەپ ئاڭلىدىم، راستمۇ شۇ؟

ماسلېننىكوف قىزىرىپ كەتتى.

— ھەي، ئەمدى بۇنىڭغا ئوتتۇڭمۇ؟ نېمانداق ھەممە ئىشقا ئارىلىشىۋالىسەن؟ قوي ئەمدى، سېنى ئەمدى تۈر-مىگە كىرگۈزگىلى بولمىغۇدەك. يۈر، بىزنى خانىملار چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ نېخليۇدوفنى قولتۇقلاپ مېھمانخانىغا تەقەززالىق بىلەن تارتىپ.

نېخليۇدوف ئەمدى قەلبىدىكى غەزىپىنى باسالماي قالدى ـ دە، ئۇنىڭ قولتۇقىدىن ئۆز قولىنى شارتتىدىلا تارتىۋالدى ۋە ھېچكىم بىلەن خوشلاشماي، ھېچكىمگە ھېچنېمە دېمەي، تەرىنى تۈرگەن پېتى مېھمانخانا بىلەن زالدىن ئۆتۈپ، ئۇدۇللا كوچىغا چىقتى.

ھەممەيلەن ئۇنىڭ كەينىدىن غۇلغۇلا قىلىشتى، نېخليۇدوفنىڭ بۇ قىلىقى غەلىتە، ناھايىتى كۈلكىلىك

ئىش بولدى دېيىشىپ، ئۇنى بۈگۈنكى يىغىلىشتىكى پاراڭنىڭ ماۋزۇسى قىلىۋالدى.

## 20

ماسلىېننىكوف بىلەن كۆرۈشكەن كۈننىڭ ئەتىسى نېخليۇدوف يەنە تۈرمىگە باردى.

بۇ قېتىم تۈرمە باشلىقى ئۇنى ئىشخانىدا ئەمەس، بەلكى مەھبۇس ئائىلىلار بىلەن كۆرۈشۈش بۆلۈمىدە كۆ-رۈشۈشكە رۇخسەت قىلدى. تۈرمە باشلىقىنىڭ پوزىتـ-سىيىسى ئىلگىرىكىدەك ئۇنداق سەممىي بولمىدى. بەلكىم ئۆلكە باشلىقى ئالىيلىرى ئۇنىڭغا نېخليۇدوف بىلەن بولغان مۇئامىلىدە سەگەكرەك بولۇش توغرىسىدا يوليورۇق بەرگەن بولسا كېرەك.

نېخليۇدوف نازارەتچىگە ئەگىشىپ، بوش تۇرغان ئائىلە مەھبۇسلار بىلەن كۆرۈشۈش بۆلۈمىگە كىردى.

ماسلوۋا شۇ يەردە ئىدى. ئۇ سىپايىلىك بىلەن، لېكىن قورۇنۇپ قەدەم تاشلاپ، سىم توسۇقنىڭ ئىچـ-ىدىن چىقتى ـ دە، بوش ئاۋازدا:

— مېنى كەچۈرۈڭ، ئالدىنقى كۈنى سىزگە يامان گەپلەرنى قىلىۋېتىپتىمەن، — دېدى.

— مەن ئەپۇ سورىشىڭىزغا لايىق ئادەم ئەمەس....

— شۇنداقتىمۇ مېنى ئۆز ھالىمغا قويۇڭ، — دېدى

ماسلوۋا توساتتىن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، سەل ئەلەس كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ.

ماسلوۋا نېخليۇدوفقا مۇنداق پوزىتسىيە تۇتۇشتا، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئۆچمەنلىك ۋە دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتىن باشقا، يەنە ئۇنىڭدا ماسلوۋادا يەنىلا ئۆتمۈشتىكى كاتيۇشانىڭ ئىزنالىرى بار ئىكەن، كاتيۇشا تېخى ئۆلمەپتۇ دېگەن غەلىتە بىر خىل تۇيغۇنى قوزغاشنى مەقسەت قىلاتتى! نېخليۇدوف ھېلىقىدەك مۇقەددەس ـ پاك ھەمدە ئالىيجاناب روھىي ھالىتىنى بىراقلا يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالدى.

ـــ كاتيۇشا، مەن ئىلگىرى نېمە دېگەن بولسام، ھېلىمۇ شۇنى دەيمەن، ماڭا تېگىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن. مۇبادا، ھازىرچە خالىمىسىڭىز، ئۇنداقتا، سىز بىلەن بىللە بولىمەن، سىزنى نەگە ئېلىپ كەتسە، مەنمۇ شۇ يەرگە بارىمەن.

ـــ بۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى، ـــ ئۇنىڭ لەۋلىرى يەنە تىترەپ كەتتى.

نېخليۇدوفمۇ سۈكۈتكە چۆمدى.

ـــ مەن ھازىر يېزىغا كېتىمەن، ئاندىن پېتربۇرگقا بارىمەن، ئۇ يەردە سىزنىڭ ئىشىڭىز ... ياق، ئۆزىمىزنىڭ ئىشى توغرۇلۇق يول ماڭىمەن، ئەسلىي ھۆكۈمنى چوقۇم كۈچىدىن قالدۇرىمەن.

ـــ كۈچىدىن قالدۇرمىسىمۇ مەيلى، بۇ ئىشىم ئۇ-

چۈن بولمىسىمۇ، باشقا ئىشلىرىم ئۈچۈن ئازاب چېكىشىم كېرەكقۇ…، — سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەل-گەندە، ماسلوۋانىڭ كۆز ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلدى.

لېكىن ئۇ جىنىنىڭ بارچە ئۆزىنى بېسىۋېلىپ:

— مېنشوف بىلەن كۆرۈشتىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ توساتتىن، — ئۇلار ئەيىبلىك ئەمەس، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق.

نېخليۇدوف مېنشوفتىن ئاڭلىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى ۋە ئۇنىڭدىن:

— سىزگە بىرەرنەرسە لازىممۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھېچنىمە لازىم ئەمەس، ماسلوۋا، — دەپ جاۋاب بەردى.

ئۇلار يەنە جىم بولۇپ قېلىشتى.

— ھە راست، دوختۇرخانا توغرىسىدا، ئەگەر سىز خالىسىڭىز، بوپتۇ، بارسام باراي، ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن ھاراقمۇ ئىچمەيمەن….

نېخليۇدوف ئۈن-تىنسىز ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاردى، ماسلوۋانىڭ كۆزلىرى كۈلۈپ تۇراتتى….

## ئىككىنچى قىسىم

### 1

ماسلوۋانىڭ دېلوسى ئىككى ھەپتىلەردىن كېيىن سىناتتا قارىلىشى مۇمكىن ئىدى. نېخليۇدوف ئەگەر ئىش سىناتتا كۆڭۈلدىكىدەك چىقماي قالسا، پادىشاھ-نىڭ ئۆزىگە بېۋاسىتە ئەرز سۇنۇش نىيىتىدە ئىدى؛ نا-ۋادا پادىشاھقا سۇنغان ئەرزمۇ ئاقماي قالسا، ھېچقانداق ئىككىلەنمەيلا ماسلوۋا بىلەن بىللە سىبىرىيىگە بېرىش قارارىغا كېلىپ بولغانىدى. ماسلوۋا بىر تۈركۈم مەھ-بۇسلار قاتارىدا ئىيۇننىڭ باشلىرىدا يولغا سېلىنىشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇ شۇ چاغدىكى سەپەرگە تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن، ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئالدى بىلەن يېزىغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى ئىش ـ كۈشلىرىنى بىر ياقلىق قى-لىپ كېلىشى كېرەك ئىدى.

نېخليۇدوف ئاۋۋال پويىز بىلەن يېقىن ئەتراپتىكى كوزمىنسكويىغا كەلدى، بۇ يەردە ئۇنىڭ ئانىسىدىن مىراس قالغان قارا تۇپراقلىق كەڭ زېمىنى بار ئىدى. بۇ بالىلىق چاغلىرىدا شۇ يەردىكى قورۇقتا تۇرغان، چوڭ بولۇپ بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن بولسا، ئۇ يەرگە

ئىككى قېتىم بارغانىدى. بىر قېتىم ئانىسىنىڭ ئىلتىماسى بىلەن باشقۇرغۇچىنى باشلاپ ئىگىلىكىنىڭ باشقۇرۇلۇشىنى تەكشۇرگىلى بېرىپ، ھېساباتخانىنىڭ دېھقانلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە قۇل قىلىدىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن ئوپئوچۇق كۆردى. ئۇنىڭ ئۆزى بىر چوڭ زېمىندار بولغاچقا، ئەلۋەتتە، ئۇمۇ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى، قۇل قىلغۇچى ھېسابلىناتتى. ئۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا، غەربنىڭ ئىلغار تەلىماتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، يەرگە بولغان خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىكنى بىر خىل قەبىھ تۈزۈم دەپ قارىغان، شۇنداقلا سىناق تەرىقىسىدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، دادىسىدىن ئۆزىگە مىراس قالغان پارچە- پۇرات يەرلەرنى دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىۋەتكەنىدى. بىراق كېيىنچە ئۇ ئارمىيىگە قاتناشقاندىن كېيىن، راھەت- پاراغەتكە بېرىلىدىغان، چەكسىز بۇزۇپ - چاچىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈۋالدى، پۇللا بولسا بولدى دەيدىغان، پۇللارنىڭ نەدىن كېلىۋاتقانلىقى بىلەن كارى بولمايدىغان، بۇ توغرۇلۇق ئويلىمايدىغان بولۇۋالدى. ئانىسىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى يەر مەسىلىسىنى بېكىتىۋېلىشنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى. بۇ ئىش ئەگەر بۇنىڭدىن بىر ئاي ئىلگىرى بولغان بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا نېخلىيۇدوف: يولغا قويۇلۇپ كېلىۋاتقان تۈزۈمنى ئۆزگەرتىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ، دېگەننى باھانە قىلىپ، ئۆزىگە

تەسەللى بېرىپ، ئۆز يەر ـ مۈلكىدىن يىراقتا تۇرۇپ، ئۇ يەردىن ئارقىمۇئارقا ئەۋەتىلگەن غايەت زور مىقداردىكى پۇللارنى ئېلىپ خەجلەپ خاتىرجەم ياشاۋەرگەن بولاتتى. بىراق، ھازىر تامامەن ئوخشىماي قالدى. كاتيۇشا بىلەن يېڭىۋاشتىن ئۇچرىشىش ئۇنىڭ جەمئىيەتكە بولغان قا- رىشىنى يەنە ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان دەۋرگە قايتۇ- رۇپ كەلدى، ياق، ئۇ ۋاقىتتىكىدىنمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇ- ۋەتتى! ئۇ ئەمدى ھەرگىزمۇ بۇرۇنقىدەك تۇرمۇش كە- چۈرمەيدىغان بولدى. سىبىرىيىگە بارغاندىمۇ يەنىلا نۇر- غۇن پۇل لازىم بولىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەمدى يەرنى دېھقانلارغا ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ئۇلاردىن تۆۋەن ئىجارە ھەققى ئېلىش ئويىغا كەلدى. بۇ، ئەلۋەتتە، ئۇزۇل ـ كېسىل ئىسلاھات ئەمەس ئىدى، لېكىن نېمىلا بولمى- سۇن ئالغا قاراپ بىر چوڭ قەدەم تاشلانغانىدى....

نېخلىيۇدوف كوزمىنسكويېغا پويىز بىلەن چۈشكە يېقىن يېتىپ كەلدى. ئۇ بۇ يەردىكى ئىشلارنىڭ ئىم- كانقەدەر ئاددىيلا بولۇشى ئۈچۈن، باشقۇرغۇچىغا ئالدىن تېلېگراممىمۇ بەرمىدى، بەلكى پويىز ئىستانسىسىدا تۆت چاقلىق پەيتۇندىن بىرنى ياللىدى ـ دە، نىشانغا قا- راپ يول ئالدى. ھارۋىكەش ياش، پاراڭچى يىگىت ئىدى. ئۇ ئۆزى ئېلىپ كېتىۋاتقان ئادەمنىڭ مۇشۇ يەرنىڭ خوجايىنى ئىكەنلىكىنى ئۇقماي، قورۇقنىڭ ئىش

باشقۇرغۇچىسىنىڭ گېپىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ بەردى.

ــ ئۇنىڭ ئۆيى ناھايىتى ھەشەمەتلىك، ــ دېدى هارۋىكەش، ــ پۈتۈن ئۆلكىدىمۇ ئۇنىڭ تەڭدىشى تېپىلـ ـماس! تاپقان پۇلىمۇ ئاز ئەمەس، ئۇ تولىمۇ بەلەن يەرمۇ سېتىۋالدى...

نېخليۇدوفنىڭ كۆڭلى غەشلىككە تولدى. نېخليۇـ دوف مۇنداق سەزگۈنى كوزمىنسكويىغا يېتىپ بېرىپ، ئىشلارغا كىرىشىپ كەتكەندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنتۇدى.

نېخليۇدوف ھېساباتلارنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ چىـ قىپ، باشقۇرغۇچى بىلەن بۇ يەردىكى ئەھۋاللار ئۈستىدە سۆزلىشىپ چىقتى، بۇ يەردىكى ئەھۋال هازىرمۇ بۇرۇنـ قىغا ئوخشاشلا ئىكەن، ئەڭ ياخشى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىلگىرىكىدەكلا ئۆز ئائىلىـ سىنىڭ ئىشچىلىرى ئىسلاھ قىلىنغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى بىلەن تېرىيدىكەن، قالغان ئۈچتىن بىر قىسمىنى دېھقانلار ياللىنىپ تېرىيدىكەن. ھەربىر دېسياتىنا يەرنىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈن بەش رۇبلىدىن بېرىلىدىكەن. شۇ بەش رۇبلىنى دەپ دېھقان بىر دېسـ ياتىنا يەرنى ئۈچ قېتىم ئاغدۇرۇپ، ئۈچ قېتىم سۆرەم سېلىپ، ئاندىن ئورۇق چاچىدىكەن، شۇنداقلا تېرىلغان زىرائەتنى ئورۇپ، باغلاپ، خامانغا توشۇپ بېرىدىكەن....

دېھقانلار ھېساباتخانىدىن ئالغان ھەربىر زۆرۈر بۇيۇم ئۈچۈن، ئەڭ يۇقىرى باھادا ئىش كۈنىگە سۇندۇرۇپ تۆ-لەم تۆلەيدىكەن...

مانا شۇلارنىڭ ھەممىسىنى نېخليۇدوف ئىلگىرىمۇ بىلەتتى، لېكىن مانا ئەمدى بۇ ئىشلارنى تونجى قېتىم ئاڭلاۋاتقاندەك ھەيران قالدى ۋە ئاشۇ يەر ئىگىلىرىنىڭ مۇنداق مۇناسىۋەتنىڭ نەقەدەر نورمالسىز مۇناسىۋەت ئىكەنلىكىنى نېمىشقا چۈشىنىپ يېتەلمىگەنلىكىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي قالدى. باشقۇرغۇچى يەرنى دېھقانلارغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە كۈچىنىڭ بارىچە قارشى تۇرۇپ، ئۇنداق قىلىسىڭىز ناھايىتى زور زىيان تارتىسىز دەيتتى. نېخليۇدوف بولسا، ئەسلىدىكى قارارىدا تېخىمۇ چىڭ تۇراتتى. ئۇ باشقۇرغۇچىغا ئاشلىق، دېھقانچىلىق سايمان-لىرى ۋە ئۆي- جايلارنى سېتىۋېتىشنى تاپشۇردى. ئۆزى بولسا يېقىن ئەتراپتىكى ئۈچ يېزىنىڭ دېھقانلىرىنى ئەتىلىككە يىغىنغا چاقىرىپ، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ نىيىتىنى جاكارلاپ، دېھقانلارغا بېرىلىدىغان يەرنىڭ ئىجارە ھەققىنى كېلىشىۋالماقچى بولدى...

## 2

نېخليۇدوف كوزمىنسكويېدىن يولغا چىقىپ بانو-ۋوغا يېتىپ كەلدى. ھاممىلىرىدىن مىراس قالغان قو-

رۇق، يەنى بىر زامانلاردا كاتيۇشا بىلەن تونۇشقان يەر دەل بانوۋودا ئىدى. ئۇ بۇ يەردىمۇ يەر ـ مۇلۇكنى كوز-مىنسكويېدىكىدەك ھەل قىلماقچى ئىدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇ ئىلاجىنىڭ بارىچە كاتيۇشاغا ئالاقىدار ئىشلارنى، كاتيۇشا بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى بالىنىڭ خەۋىرىنى، يەنى ئۇ بالا راست ئۆلۈپ كەتتىمۇ، ئۆلگەن بولسا، قانداق ئۆلدى؟ — مانا شۇلارنى سۈرۈشتۈرۈپ باقماقچى ئىدى...

ئۇ بانوۋوغا تاڭ سەھەردىلا يېتىپ كەلدى، ئۇ پەي-تۇندا ئولتۇرۇپ قورۇقنىڭ ھويلىسىغا كىرىشىگىلا، ئۇنى تۇنجى بولۇپ ھەممە ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ كونىراپ، مىسكىن ـ غېرىبانە قىياپەتكە كىرىپ قالغانلىقىدەك ئاجايىپ بىر مەنزىرە قاتتىق ھەيران قالدۇردى. پەقەت باغلا كونىراش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە تېخىمۇ ئاي-نىپ بۇك ـ باراقسان بولۇپ، گۈل ـ چېچەكلەرگە پۈر-كىنىپ كېتىپتۇ؛ قاشا تام ئورنىدا تىكىلگەن سىرىن-گۈلەرمۇ بۇنىڭدىن ئون تۆت يىل ئىلگىرىكىدەك — نېخلىيۇدوف ئون سەككىز ياشلىق كاتيۇشا بىلەن مۆكە-مۆكىلەڭ ئويناۋېتىپ يىقىلىپ چۈشۈپ، قولىنى چاققاقچا چاقتۇرۇۋالغان چاغدىكىدەك پورەكلەپ ئېچىلىپ كېتىپ-تۇ....

بۇ قورۇقنىڭ باشقۇرغۇچىسى دىنىي مەكتەپنى تېخى

پۈتتۈرمىگەن ئۇقۇغۇچى بولۇپ، ئۇ نېخلىيۇدوفنى خۇش تەبەسسۇم بىلەن كۈتۈۋالدى، ئۇ تېخى ياش بولسىمۇ، ياشانغانلارغا خاس قىياپەتتە ئىدى.

— تاماقنىڭ قاچان تەييار بولۇشىنى بۇيرۇمسىز. كىن؟ — سورىدى باشقۇرغۇچى.

— ئالدىرىماڭلار، ئالدى بىلەن كەنت ئىچىدىن ماترېنا خارىنا دېيدىغان بىر ئايالنى ئىزدەپ كۆرمەكچىمەن، — دېدى ئۇ.

ماترېنا خارىنا كاتيۇشانىڭ هاممىسى ئىدى.

— ئۇنىڭ ئۆيى كەنتنىڭ چېتىدە، نېرىقى تەرەپتىن سانىغاندا ئۇچىنچى ئۆي. سول تەرىپىدە پىششىق خىشتىن سېلىنغان بىر ئۆي بار. پىششىق خىشلىق ئۆيدىن ئۆتكەندىن كېيىن، بىر كىچىك ياغاچ ئۆي كۆزگە چېلىقىدۇ. شۇ ياغاچ ئۆينىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى كەپە ماترېنا خارىنانىڭ ئۆيى. ياخشىسى، سىزنى مەن ئۆزۈم باشلاپ باراي، — دېدى باشقۇرغۇچى خۇشال كۈلۈمسىرەپ.

— بولدى، ئۆزۈم تاپىمەن، سىز دېهقانلارغا ئۇقتۇرۇش قىلىۋېتىڭ، ئۇلارنىڭ هەممىسى يىغىلسۇن، ئۇلار بىلەن يەر توغرۇلۇق سۆزلەشمەكچىمەن، — دېدى نېخلىيۇدوف.

ئىككى ئوغۇل بالا نېخلىيۇدوفنى كەنتنىڭ چېتىدىكى

ماترېنانىڭ ئۆيى ئالدىغا باشلاپ باردى.

— بۇ يەردە بىرنەچچە ئائىلە ئەڭ نامرات، مەسىلەن، مىخائىل، سېمىن ماكاروف، ئېرى تۈرمىگە كىرىپ كەتكەن مارفا، ھەتتا بىرەر ئىنىكىمۇ يوق تۇل خوتۇن ئانىشا...، — دېدى باللار.

ماترېنا موماينىڭ ئۆيى ھەقىقەتەن كىچىك ئىدى. مەشنىڭ كەينىدىكى كارىۋاتقا مۇبادا بەستلىكرەك بىرەر ئادەم ياتسا، ھەرگىز پۇتلىرىنى سۇنالمايتتى. «كاتيۇشا مۇشۇ كارىۋاتتا يېتىپ يەڭگىپ، كېيىن يەنە مۇشۇ كارىۋاتتا ئاغرىپ ياتقان بولغىيتتى» دەپ ئويلىدى نېخليۇدوف. كەپىنىڭ ئىچىنى كاناپ توقۇيدىغان چوڭ بىر دەستىگاھ پۇتۇنلەي دېگۈدەك ئىگىلىگەنىدى. نېخلىيۇدوف پاكار ئىشىكتىن كىرىۋېتىپ بېشىنى ئۇرۇۋالغان چاغدا، موماي چوڭ نەۋرە قىزى بىلەن بىللە ھېلىقى دەستىگاھنى ئوڭشاۋاتاتتى....

— بۇ كەلگەن كىمدۇ، دەپ ئىچىمدە ئويلاپ كېتىپتىمەن تېخى، ئەسلىدە غوجامنىڭ ئۆزى ئىكەن ئەمەسمۇ؟! ۋاي ئايلىنىپ كېتەي ئالتۇنۇم، ۋاي مېنىڭ گۆھىرىم، كۆز تويغۇسىز سۇمباتلىقىم!...

نېخليۇدوف ئولتۇردى، موماي بولسا ناخشا ئېيتىۋاتقاندەك بىر خىل تەلەپپۇز بىلەن ۋاالقىلىغىنىچە ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرۇۋەردى.

— مەن سىزدىن بىر ئىشنى ئۇقاي دېۋىدىم: كاتـ-يۇشا ماسلوۋا ئېسىڭىزدىمۇ؟

— نېمىشقا ئېسىمدە بولمىسۇن، ئۇ مېنىڭ جىـ-يەنىم تۇرسا.... شۇنى دەپ جاھاننىڭ يىغىسىنى يىغـ-لىغان تۇرسام مەن، ھېلىقى ئىشتىن پۇتۇنلەي خەۋىرىم بار مېنىڭ. تەڭرىنىڭ ئالدىدا گۇناھ قىلمىغان كىم بار؟ ياشلىق ئەمەسمۇ، بىللە ئولتۇرۇپ چاي ئىچكەنسـ-لەر، قەھۋە ئىچكەنسىلەر، ئەڭ ئاخىردا بىرەر شەيتان ئېزىقتۇرغاندۇ. سىزنىڭ ئۇنى تاشلىۋەتكەنلىكىڭىزغۇ باشقا بىر ئىش، بىراق، سىز ئۇنىڭغا نۇرغۇن پۇل سوۋغا قىپسىز: توپتوغرا يۈز رۇبلى بېرىپسىز، ئۇ نېمە قىلدى دېمەمسىز، ئەقىلسىزلىق قىلدى....

— مەن ھېلىقى بالىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ باقاي دېۋىدىم...

— شۇ بالىنى دەپ، ئايلىناي، قىلمىغىنىم قالمىـ-دى، كاتيۇشا شۇ چاغدا قاتتىق ئاغرىپ قالغانىدى. مەن ئۇنى ساقىيالماسمىكىن دەپ ئويلاپ، بالىنى قائىدە-يوسۇن بويىچە ئۆزۈم چوقۇندۇردۇم-دە، بالىلارنى تەربـ-يىلەش ئۆيىگە ئاپىرىپ بەردىم.

— بالىنىڭ تىزىملاتقان نومۇرى بارمىدى؟

— نومۇرىغۇ بار ئىدى، لېكىن بالا شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا ئۆلۈپ كەتتى.

— بوۋاق چىرايلىقمىدى؟

— ئىنتايىن چىرايلىق ئىدى، سىزگە قويۇپ قوي-غاندەك ئوخشايتتى، — دېدى موماي كۆزىنى باشقىچە بىر خىل مەنىدە قىسىپ قويۇپ.

نېخليۇدوف بالا توغرۇلۇق پەقەت شۇنچىلىكلا ئۇ-قۇشالىدى.

نېخليۇدوف ماترېنانىڭ ئۆيىدىن چىققاندا، كوچىدا باللار ئۇنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇلار ئارىسىدا يەنە بالا كۆتۈرگەن بىرنەچچە ئايالمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئىچىدە چىرايىدا قان دىدارى يوق چوڭ چىراي بىر بالىنى كۆ-تۈرۈۋالغان ياداڭغۇ بىر ئايالمۇ تۇراتتى، ئۇ بالىنىڭ قېرىلارنىڭ چىرايىغا ئوخشاپ كېتىدىغان چىرايىدىن غەلىتە بىر كۈلكە جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. نېخليۇدوف باللاردىن ئۇنىڭ كىملىكىنى سورىدى.

— بايا مەن سىزگە دېگەن ئانىسى مۇشۇ، — دېدى باللاردىن چوڭراقى.

— تۇرمۇشىڭىز قانداقراق؟ — سورىدى ئۇ ئانىسىدىن بۇرۇلۇپ، — نېمە بىلەن كۈن كەچۈرۈۋاتىسىز؟

— قانداق بولاتتى؟ تىلەمچىلىك قىلىپ كۈن كە-چۈرۈۋاتىمەن، — دېدى-دە، ئانىسى يىغلىۋەتتى.

نېخليۇدوف پۇل قاپچۇقىنى ئېلىپ، ئايالغا ئون رۇبلى پۇل بەردى. بىراق ئۇ ئىككى قەدەم ماڭما-

ماڭمايلا، بالا كۆتۈرگەن باشقا بىر ئايال، ئۇنىڭ كەينىدىن بىر موماي، ئۇنىڭ كەينىدىن بولسا يەنە بىرنەچچە ئايال ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئۆزلىرىنىڭ كەمبەغەللىكىدىن زارلىنىپ، ئۇنىڭدىن ياردەم قىلىشنى ئۆتۈندى. نېخليۇدوف پۇل قاپچۇقىدىكى ئاتمىش رۇبلىچە پارچە قەغەز پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىۋېتىپ، قاتتىق ئازابلانغان ھالدا ئۆيگە قايتتى...

3

نېخليۇدوف ئۆيگە قايتىپ كېلىپلا يېزىلىق ئىككى ئايالنىڭ ئىنىكىنى قورۇق باشقۇرغۇچى تۇتۇۋالغانلىقى تۇپەيلىدىن ئۇنىڭ بىلەن تاكاللىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. قورۇق باشقۇرغۇچىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئىككى ئايال ئۆزلىرىنىڭ ئىككى ئىنىكىنى ئوتلاقتا قويۇپ بېرىپتۇ، ئۇلار ھەمىشە شۇنداق قىلغاچقا، جازالاش يۈزىسىدىن بۇ خوتۇنلاردىن سىيىر بېشىغا ئوتتۇز كوپېيكتىن تۆلەشنى ياكى شۇنىڭ ھېسابىغا ئىككى كۈندىن ھەقسىز ئىشلەپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. ئىككى خوتۇن بولسا، ئىشلەپ بەرسەك ئىشلەپ بېرەيلى، لېكىن سىيىرلارنى دەرھال قويۇۋەت، چۈنكى ئۇلار ئەتىگەندىن

بۇيان ئازراقمۇ يەم ـ بوغۇز يېمىدى، ئاچ قالدى، دېيىتتى. باشقۇرغۇچى بولسا يەنىلا ئۇلارنى كەچۈرمەستىن تەنبىھ بېرىۋاتاتتى.

نېخليۇدوف قورۇق باشقۇرغۇچىغا كالىلارنى قويۇۋېتىشنى بۇيرۇپ، ئۆزى ئويلىنىۋاتقان پىكرىنى بىر باشقا چىقىرىش ئۈچۈن يەنە باغقا كىرىپ كەتتى.

ھازىر، ئۇنىڭغا جىمىكى ئىش تولىمۇ ئايدىڭ بولۇپ كەتتى:

خەلقنىڭ بۇنداق نامرات بولۇشىغا ئاساسلىقى ئۇلار تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان يەرنى يەر ئىگىلىرىنىڭ تارتىۋالغانلىقى سەۋەب بولغان. باللار بىلەن قېرىلارنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆلۈپ كېتىشىگە بولسا ئىچكۈدەك سۈتنىڭ بولماسلىقى سەۋەب بولغان، سۈتنىڭ يوق بولۇشىغا بولسا، مال ـ چارۋا باققۇدەك، ئاشلىق ۋە ئوت ـ چۆپ تېرىپ يىغىۋالغۇدەك يەرنىڭ يوقلۇقى سەۋەب بولغان. دېمەك، ھەممە نەرسە شۇنداق ئېنىقكى، خەلقنىڭ بېشىغا چۈشكەن جىمىكى بالا ـ قازاغا ئۇلارنىڭ تىرىكچىلىك قىلىشىدا كەم بولسا بولمايدىغان يەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قولىدا ئەمەس، بەلكى تىرىكتاپ زېمىندارلارنىڭ قولىدا ئىكەنلىكى سەۋەب بولغان ... بۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ـ ھە؟

«يەرنى مال ـ مۈلۈكنىڭ ئوبيېكتى قىلىۋېلىشقا

بولمايدۇ، ئىلىم ـ سىېتىم ئىشلىرىنىڭ ئوبيېكتى قىلىنىۋېلىشقىمۇ بولمايدۇ. ھەرقانداق ئادەم يەردىن، يەر كىشىلەرگە بەخش ئەتكەن جىمىكى نېمەتلەردىن خۇددى سۇ، ھاۋا ۋە قۇياش نۇرىدىن باراۋەر بەھرىمەن بولغاندەك، بابباراۋەر بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشى كېرەك.» نېخليۇدوف بۇرۇن قانچە قېتىملاپ ئوقۇغان بۇ كلاسسىك بايانلار ئەمدىلىكتە نېمىشقا ئۇنىڭ ئېسىدىن پاك ـ پاكىز كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندۇ؟

نېخليۇدوف كوزمىنسكويېدىكى يەرنى بىر تەرەپ قىلىش چارىسىنى ئەسلىگىنىدە، نېمىشقا خىجىل بولـ ـغانلىقىنى مانا ئەمدى بىردىنلا چۈشەندى. ئۇ ئۆزىنى ئۆزى ئالداپتۇ! ئۇ كىشىلەردە يەرگە نىسبەتەن ئىگىدار ـ چىلىق ھوقۇقى بولماسلىقى لازىملىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپمۇ، يەنە ئۆزىنىڭ ئاشۇنداق ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇۋاتقانلىقىغا سۈكۈت قىلىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ئەمدى مۇنداق قىلماسلىق، ئۆزىنىڭ كوزمىنسكويېدىكى ئۇسۇ ـ لىنى ئۆزگەرتىش، يەنى ئۇ يەرلىرىنى دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىپ ئىجارە ھەققى ئېلىش، ئاندىن بۇ ئىجارە ھەققىنى دېھقانلارنىڭ مال ـ مۈلكى دەپ بېكىتىش، دېھقانلار بولسا بۇ ئىجارە ھەققىنى باج ـ سېلىقلارنى تۆلەشكە، جامائەت ئىشلىرىغا ئىشلىتىش قارارىغا كەلدى.

تاماقتىن كېيىن نېخلىيۇدوف ئۆزىنىڭ ئويىنى قورۇق باشقۇرغۇچىغا سۆزلەپ بەردى. قورۇق باشقۇرغۇچى گويا ئۇنىڭ ئويىنى چۈشىنىپ يەتكەندەك، ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرىدى، ئەمەلىيەتتە، ئۇ ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەنىدى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ چۈشەنمەسلىكىگە نېخلىيۇدوفنىڭ چۈشەندۈرۈشى قىلىپ سۆزلەپ بېرەلمەسلىكى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىزچىل تۈردە ئادەم باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان سېلىش ھېسابىغا ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتىدۇ، دەپ قاراپ كەلگەنلىكى سەۋەب بولغانىدى.

شۇڭا ئۇ نېخلىيۇدوفتىن:

— بۇ گەپچە سىز شۇ جامائەت جۇغلانمىسىدىن پىرسەنت ئېلىپ تۇرىدىكەنسىز ـ دە؟ — دەپ سورىدى.

— يوقسۇ، ئۇنداق ئەمەس، يەردىن ئۈندۈرۈلىدىغان جىمىكى نەرسە ھەممە ئادەمنىڭ بولۇشى كېرەك.

— ئۇنداق بولسا، سىز كىرىم مەنبەسىدىن مەھرۇم قالمامسىز؟ — سورىدى باشقۇرغۇچى كۈلۈمسىرەشلىرىنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ.

— شۇنداق، مەن ئۇنداق كىرىمدىن ۋاز كېچىمەن.

باشقۇرغۇچى ئېغىر خورسىنىپ قويۇپ، يەنە كۈلۈمسىرەشكە باشلىدى. مانا ئەمدى ئۇ چۈشەندىكى، نېخلىيۇدوف ئەسلىدە ئەقلى ـ ھوشى تازا جايىدا ئەمەس ئادەم ئىكەن.

4

نېخليۇدوۋ يەر ـ مۈلۈك ئىشلىرىنى بېجىرىپ بولغاندىن كېيىن، موسكۋاغا بىر قېتىم بېرىپ ئادۋو۔ كات ئىزدىدى، يەنە ماسلوۋا بىلەنمۇ كۆرۈشتى. ناھايىتى تېزلا يەنە پايتەختكە — پېتېربۇرگقا باردى.

ئۇ پېتېرۇرگتا ئۈچ ئىشنى پۈتتۈرۈشى كېرەك ئى۔ دى: ماسلوۋانىڭ نارازىلىق ئەرزىنى سىناتقا سۇنۇش؛ فېدوسىيىنىڭ دېلوسىنى ئەرز ـ شىكايەت ھەيئىتىگە سۇنۇش؛ ۋېرا بوگودۇخوۋسكايانىڭ ھاۋالىسى بويىچە ژاندارما قوماندانلىق شتابىغا ياكى ئۈچىنچى بۆلۈمگە بېرىپ شۇستوۋانى قويۇۋېتىشنى ھەمدە بىر ئانىنىڭ قورۇلدا قاماقتا ياتقان ئوغلى بىلەن كۆرۈشتۈرۈشنى ئىلتىماس قىلىش؛ بۇ ئىشلارنى بېجىرىش ئۈچۈن بۇ۔ رۇنقى ئۆز دائىرىسى ئىچىدىكى ئىشلەرنى، يەنى ئاتال۔ مىش «يۇقىرى قاتلام ئەربابلىرى» نى ئىزدەشكە، ئۇلارغ يالۋۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. لېكىن كۆڭۈلسىكى گەپنى ئېيتقاندا، ئۇ ئۆتكەندە ماسلېننىكوف بىلەن كۆرۈشكەن۔ دىن كېيىن، بولۇپمۇ يېقىندا يېزىغا بېرىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھېلىقى دائىرە ئىچىدىكى كىشىلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكى چېكىگە يەتتى. ھازىر ماسلوۋاغا ۋە

ئازاب چېكىۋاتقان تېخىمۇ كۆپ گۇناھسىز كىشىلەرگە ياردەم بېرىپ ھەققانىيەتنى ئەۋج ئالدۇرۇش ئۈچۈن ئۇ، شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر ئىدى.

نېخليۇدوف پېتىربۇرگقا كېلىپ، ھاممىسى، سابىق مىنىستىرنىڭ خوتۇنى گراف ئايىمىنىڭكىگە چۈشتى.

بويى ئېگىز ئۆزى سېمىز، زېھنىي كۆچى ئۇرغۇپ تۇرغان ھاممىسى ئۇنى كۆرۈپلا:

— ھە، مەن سەن توغرۇلۇق نۇرغۇن ئېپقاچتى گەپ-لەرنى ئاڭلىدىم. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، سەن جىنايەت-چىلەرگە ياردەم قىلىپ، تۈرمىمۇ-تۈرمە كېزىپ يۈر-گۈدەكسەن، ئۆۋال قىلىنغانلارغا ئاقلاش ئۈچۈن چېپىپ يۈرگۈدەكسەن، — دېدى.

— ياقەي، ئۇنداق قىلىشنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈ-رۈپ باقمىدىم.

— نېمە بولماقچىدى، بۇ ياخشى ئىشقۇ، لېكىن بۇنىڭغا قانداقتۇ ئىشقى مۇھەببەت ئىشلىرىمۇ ئارىلى-شىپ قالغاندەك قىلىدۇ...

نېخليۇدوف ئۆزىنىڭ ماسلوۋا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۇنىڭغا ئېقىتماي-تېمىتماي ئەي-نەن سۆزلەپ بەردى ۋە ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ بىلەن توي قىلماقچى بولغانلىقىنى تەكىتلەپ قويدى.

— ئۇ ئاشۇنداق بۇزۇق ئايال تۇرسا، يەنىلا ئۇنىڭغا

ئۆيلەنمەكچىمۇ سەن؟

— شۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭغا ئۆيلىنەي دەۋاتىمەن، چۈن-كى ئەنە شۇلارنىڭ ھەممىسىگە مەن ئېيىبلىكقۇ.

— سەن ھەقىقەتەنمۇ ئۆتۈپ كەتكەن ئەخمەقكەن-سەن، — دېدى ھاممىسى ئۆزىنى كۈلۈۋېتىشتىن زورىغا توختىتىپ، — لېكىن مەن سېنى ئاشۇ ئۆتۈپ كەتكەن ئەخمەقلىقىڭ ئۈچۈنلا ياخشى كۆرىمەن. ئۇ «ئەخمەق» دېگەن سۆزنى قايتا - قايتا تەكرارلايتتى، بەلكىم ئۇ جىيەنىنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە روھىي ھالىتىنى پە-قەت مۇشۇ سۆزلا ھەممىدىن تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ دەپ ئويلىسا كېرەك.

دەل شۇ ۋاقىتتا ھاممىسىنىڭ ئېرى گىراف ئىۋان مېخايلوۋىچ كىرىپ كەلدى. ئۇ بىر تىپىك بيۇروكرات ئىدى. قىرىق يىللىق ئەمەلدارلىق ھاياتىنىڭ بوران-چاپقۇنىدا، ئۇ ھەرقانداق ۋاقىتتا پرىنسىپ بويىچە ئىش قىلمايدىغان بىر خىل ئادەتنى شەكىللەندۇرگەن. ئۇ پە-قەت ھۆججەتلەرنىلا راۋان، چۈشىنىشلىك قىلىپ، ئىملا خاتالىرىغا يول قويماستىن يازالايتتى. يەنە كېلىپ، زۆرۈر تېپىلغان سورۇندا بولسا، ئۆزىنىڭ ئەمەلدارلىق كىبىرىسىنى تازا كۆرسىتىپ، سالاپەتلىك قىياپەتكە كىرىۋالاتتى. ئۇ نېخليۇدوفنىڭ سۆزىنى جىمجىت ئول-تۇرۇپ ئاڭلىغاندىن كېيىن، نېخليۇدوفقا ئىككى پارچە

خەت يېزىپ بېرىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ بىرىنى ئەرز - شىكايەت ئىدارىسىنىڭ سىناتورى ۋولفقا، يەنە بىرىنى ئەرز - شىكايەت ھەيئىتىدىكى نوپۇزلۇق بىر كىشىگە تاپشۇرسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ھامىسى مارىتتېغا يازىدىغان خېتىنىمۇ يېزىپ بولدى.

نېخليۇدوف ئۈچ پارچە خەتنى ئېلىپ شۇئان ئاشۇ يەرلەرگە قاراپ ماڭدى.

ئۇ ھەممىدىن ئاۋۋال مارىتتېنىڭكىگە قاراپ ماڭدى.

ئۇ مارىتتېنى ئوتتۇراھال ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىكى ئون نەچچە ياشلىق قىز چېغىدىن تارتىپلا تونۇيتتى، ئۇنىڭ كېيىنچە ئەمەل تۇتۇشتا تازا ئامەتى كەلگەن بىرىگە تەگكەنلىكىنىمۇ ئاڭلىغانىدى. لېكىن ئۇ ئادەمنىڭ ئەڭ زور ئارتۇقچىلىقى سىياسىي مەھبۇسلارنى ناھايىتى قاتتىق قوللۇق بىلەن خورلاش، ھەرگىز رەھىم - شەپقەت قىلماسلىق ئىدى. قورغاننى باشقۇرۇۋاتقان ۋاقتىدىمۇ نېخليۇدوف ئۇنىڭدىن بىزار ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىشىشنى خالىمايتتى. ئۇنىڭغا يالۋۇرۇشنى تېخىمۇ خالىمايتتى. ئۇ ئۇنىڭغا يالۋۇرغانلىق گويا ئۇنىڭ يامان ئىش قىلىشىنى ئېتىراپ قىلغانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ، دەپ قارايتتى.

مارىتتې ئىشىكتىن چىقاي دەپ تۇرۇشىغا، ئۆزى

بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەن نېخلىيۇدوفنى كۆرۈپ، ئۇنى تونۇپ قالدى ـ دە، ئىشىك ئالدىدا ئۇنىڭ بىلەن سالاملاشتى.

— مەن كامېنسكايا دېگەن دوستۇمنىڭكىگە كېتىۋاتقانىدىم، ئۇنىڭ ئوغلى كامېنسكىي دۇئېلدا ئۆلۈپ كەتكەنىدى، — دېدى مارىئېتتې، — ئۇ قاتتىق ھەسرەتتە قالدى، مەن ئۇنىڭغا تەسەللىي بەرگىلى كېتىۋاتىمەن. نېخلىيۇدوف ھامىسى يېزىپ بەرگەن خەتنى ئۇنىڭغا بەردى ھەمدە شوستوۋانىڭ بىگۇناھ قولغا ئېلىنىپ، قورۇلدا قاماقتا يېتىۋاتقانلىقىنى يەنە بىر قېتىم سۆزلەپ بەردى.

— قېنى بىر ئامال قىلىپ باقارمەن، — دېدى ئۇ كۆپ كەپ قىلماي، قورۇنغاندەك بىر خىل قىياپەت بىلەن ماقۇل بولۇپ.

نېخلىيۇدوف ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى ـ دە، يەنە سىناتقا قاراپ يول ئالدى.

بۇ يەردىكى مۇلكىي ئەمەلدارلار نېخلىيۇدوفقا ماسلىۋانىڭ ئەرزىنىڭ تاپشۇرۇۋېلىنغانلىقىنى ھەمدە ئۇز ۋاقتىدا سىناتور ۋولفقا بېرىلگەنلىكىنى ئېيتتى. نېخلىيۇدوف ئېلىپ كەلگەن ھامىسىنىڭ يولدىشىنىڭ خېتىمۇ شۇ سىناتورغا قارىتىپ يېزىلغانىدى.

— سىنات مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە سوت ئېچىپ،

دېلولارغا قاراپ چىقىدۇ، ماسلوۋا دېلوسىنىڭ شۇ ۋا-
قىتتا قارىلىشى ناتايىن. شۇڭا، بۇ ئىش بىرسىگە ھاۋالە
قىلىش - قىلماسلىقا باغلىق...، — دېدى بىر مۇلكىي
ئەمەلدار.

نېخليۇدوف سىنات ئىشخانىسىدا دېلو ئەھۋالىنىڭ
ئېنىقلىنىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپ، يەنە ھېلىقى دۇئېل
توغرىسىدىكى پاراڭلارنى ئاڭلاپ قالدى، شۇ چاغدىلا ئۇ
پۈتۈن پېتربۇرگنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتكەن كامېنس-
كىي ۋەقەسىنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇقتى:
بىرنەچچە ئوفىتسېر بىر ئاشپۇزۇلدا ئۇستىرىتسا* يەپ،
ناھايىتى كۆپ ھاراق ئىچىشىپتۇ، شۇلارنىڭ ئىچىدىن
بىرى كامېنسكىي خىزمەت ئۆتەۋاتقان ھەربىي پولك
توغرىسىدا بىرنەچچە ئېغىز بولمىغۇر گەپلەرنى قىپتۇ،
كامېنسكىي بولسا ئۇنى قالايمىقان بىلجىرلىما دەپ
تىللاپتۇ، بۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئوفىتسېر كامېنس-
كىينى ئۇرۇپتۇ. نەتىجىدە ئەتىسى ئۇلار دۇئېلغا چىقى-
شىپتۇ - دە، كامېنسكىينىڭ قورسىقىغا ئوق تېگىپ،
ئىككى سائەتتىن كېيىن ئۆلۈپ كېتىپتۇ. قاتىل بىلەن
ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى قولغا ئېلىنىپتۇ، لېكىن ئېيى-
تىشلارغا قارىغاندا، ئۇلار ئىككى ھەپتىدىن كېيىن قو-
يۇپ بېرىلىگۈدەك.

---

* دېڭىز قۇلۇلىسىدىن تەييارلانغان داڭلىق تائام — ت.

نېخلىيۇدوف سىنات ئىشخانىسىدىن چىقىپ، ئەرز ـ شىكايەت ھەيئىتىدىكى ناھايىتى نوپۇزلۇق ئەرباب ـــ بارون ۋوروبىيېفنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. دەرۋازىۋەن بىلەن مۇلازىم نېخلىيۇدوفقا قوبۇل قىلىش كۈنلىرىدىن باشقا كۈنلەردە بارون بىلەن ئۇچرىشىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى جىددىي تەلەپپۇزدا ئېيتتى. نېخلىيۇدوف ھامىسىنىڭ ئېرىنىڭ خېتىنى ئۇلارغا بېرىپ قويۇپ، سىناتور ۋولف بىلەن كۆرۈشۈشكە ماڭدى.

ۋولف ئۆزىنى «ئىنتايىن تۈز كۆڭۈل ئادەم» دەپ قارايتتى، ئۇنىڭ ئاتالمىش تۈز كۆڭۈللۈكى كىشىلەردىن يەڭ ئىچىدە پارا ئالماسلىقتىن ئىبارەت ئىدى. دۆلەت خەزىنىسىدىن ھەر خىل نامدىكى كاماندىروپكا خىراجەتلىرىنى، ئۆي ئىجارىسىنى ئېلىپ تۇرۇشنى، ھۆكۈمەت تاپشۇرغان ھەرقانداق ئىشنى قۇللارچە بەجا كەلتۈرۈشنى بولسا، ئۇ ئەزەلدىن تۈز كۆڭۈل بولمىغانلىق، دەپ قارىمايتتى؛ ئەينى چاغلاردا ئۇ پولشانىڭ ئۆلكىلىرىدىن بىرىدە ئۆلكە باشلىقى بولۇپ تۇرغان ۋاقتىدا، بىرقانچە يۈز بىگۇناھ ئادەمنى پەقەت ئۇلار ئۆز مىللىتىنى ۋە ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋام قىلىپ كەلگەن دىنىنى سۆيگەنلىكى ئۈچۈنلا خانىۋەيران، تالان ـ تاراج قىلغانلىقنى، ئۇلارنىڭ سۈرگۈن قىلىنىشىغا، تۈرمىلەرگە قامىلىشىغا سەۋەب بولغانلىقنى تۈز كۆڭۈل

بولمىغانلىق، دەپ قاراش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، ئا-
لىيجانابلىق، قەھرىمانلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى دەپ
قارىغاندى؛ خوتۇنىنىڭ ۋە قېيىنسىڭلىسىنىڭ مال-
مۈلكىنى ئىگىلىۋېلىپ، ھەر يىلى ئۇنىڭدىن ئون
سەككىز مىڭ رۇبلى كىرىم قىلىۋاتقانلىقىغا كەلسەك،
ئەلۋەتتە، ئۇ بۇنىمۇ تۈز كۆڭۈل بولمىغانلىق، دەپ ھې-
سابلىمايتتى.

نېخليۇدوف ئەسلىدە ۋولفقا ماسلوۋا دېلوسىنى تەپ-
سىلىي تونۇشتۇرماقچى ئىدى، لېكىن ۋولف ئۇنىڭغا
ئازراقمۇ قىزىقمىدى، ئۇ پەقەت چارشەنبە كۈنى سىنات
دېلولارنى قارىغاندا، بۇ دېلونىمۇ قارىۋېتىشكە ماقۇل
بولدى، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا، ھەممە ئادەم بىلىپ بولغان كا-
مېنسكىينىڭ ئۆلۈم ۋەقەسىنى ئالاھىدە سۆزلەشكە باش-
لىدى.

نېخليۇدوف ئورنىدىن تۇرۇپ خوشلاشتى.

## 5

ماسلوۋا دېلوسى سوتتا قارىلىشتىن ئىلگىرى،
نېخليۇدوف پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ سىناتقا كەتتى. بىرنەچچە
كۈن ئىلگىرى پېتربۇرگقا يېتىپ كەلگەن ئادۋوكات
فانارىنمۇ مۇشۇ يەرگە يېتىپ كەلگەنىدى. نېخليۇدوف
بىرىنچى دېلو ئەھۋالىنى ياندىن ئاڭلاپ ئولتۇرغىنىدا،

كۇتمىگەن يەردىن چىچەن ۋە قاۋۇل، بوغداي ئۆڭ، ياداڭغۇراق كەلگەن، كۆزلىرىدە غەمكىنلىك ئەكس ئېتىپ تۇرغان مۇئاۋىن باش تەپتىشنىڭ ئۆزىنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىكى ئەڭ ياخشى دوستى سېلىنىن ئىكەنلىكىنى تونۇدى.

سىنات ماسلوۋا دېلوسىنى تەكشۈرۈشكە باشلىدى. نېخليۇدوفنىڭ ھاۋالىسىنى قوبۇل قىلغان سىناتور ۋولف سىناتورلار مەجلىسخانىدا ئەپقاچتى خەۋەرلەرنى سۆزلىگەندەك تەلەپپۇزدا كۆپچىلىككە نېخليۇدوف بىلەن ماسلوۋانىڭ مۇناسىۋىتىنى تونۇشتۇرۇپ: «بۇ بىر كەمكۇتىسىز ئىشق- مۇھەببەت ماجىراسى» دېگەندى، ھازىر بولسا ئۇ يەنە ئىنچىكە ئاۋازى بىلەن ماسلوۋانىڭ ئەسلىي ھۆكۈمنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلغان ئەرزىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئادۋوكاتنىڭ تولۇقلىشىنى ئۆتۈندى. شۇنىڭ بىلەن فانارىن ئورنىدىن تۇرۇپ پىكىر بايان قىلىپ، ئاۋۋالقى سوتنىڭ ئالتە نۇقتىدا قانۇندىن چەتنەپ كەتكەنلىكىنى، ئەسلىدىكى ھۆكۈمنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە ئادالەتسىز ئىكەنلىكىنى ئىنتايىن تەسىرلىك ۋە توغرا ئىبارىلەر بىلەن ئىسپاتلاپ بەردى. فانارىنىنىڭ نۇتقىدىن گويا بۇ يەردە ئولتۇرغان سىناتور جانابلار ئۆزلىرىنىڭ مول تەجرىبىسىگە ۋە قانۇنشۇناسلىقتا دائىر

چوڭقۇر بىلىملىرىگە تايىنىپ ماسلوۋا دېلوسى ھەققى-
دىكى ئەسلىي ھۆكۈم مەسلىسىنىڭ قانداق بولغانلى-
قىنى ئېنىق بايقىيالايدۇ، مەندەك بىر ئاددىي پۇقرانىڭ
بۇ يەردە كۆپ سۆزلىشىنىڭ ھاجىتى يوق، شۇڭا ھەر-
قايسىلىرىنىڭ ئەپۇ قىلىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن، دېگەندەك
مەنە چىقىپ تۇراتتى. فانارىن سۆزىنى ئاياغلاشتۇرۇپ،
غالىبلارچە كۈلۈمسىرەپ قويدى. نېخليۇدوف ئۆز ئادۋو-
كاتىغا قاراپ بۇ دەۋادا ئۇتۇپ چىقىدىغانلىقىغا ئىشەندى.
ھالبۇكى، ئۇ سىناتورلارغا قارىۋىدى، ئۇلارنىڭ چىراي-
دىن مۇنداق گەپلەرنى تولا ئاڭلىغان، لېكىن تەرتىپ
بويىچە ئاڭلىماسلىققا ئىلاجىمىز يوق، ئاڭلىغان بىلەنمۇ
بۇ گەپلەرنىڭ ھېچنېمىگە پايدىسى يوق، دەۋاتقاندەك
زېرىكىش ئالامىتى چىقىپ تۇرغانلىقىنى بايقىدى....
دەرۋەقە ئۇنىڭ كەينىدىنلا سىناتورلار پىكىر بايان قى-
لىشقا باشلىدى. ۋولف بىلەن بىر سىناتور بۇ پىكىرنى
قولللىغاندىن تاشقىرى، مۇئاۋىن باش تەپتىش سېلېنىنىن
ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا كىشىلەر ئەسلىي ھۆكۈمنى
بىكار قىلىشقا قارشى تۇردى. سېلېنىنىن ئەسلىي ھۆ-
كۈمنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلىشتىكى سەۋەبلەرنىڭ
ئاساسى كەمچىل، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ مۇشۇ
دېلونى ئوتتۇرىغا قويغان سىناتور ۋولفنىڭ ئادەمگەرچى-
لىكىگە قىلىنغان ھاقارەت دېيىش قارىدى؛ باش سىناتور-

نىكتىن ئەزەلدىن ھەرقانداق ئادەم ۋە ھەرقانداق ئىشقا يامان نىيەتتە مۇئامىلە قىلىدىغان شەخس بولۇپ، يېقىندىن بۇيان ئەملىنى ئۆستۈرۈش—يۆتكىلىش ئىشلىرى تازا ئوڭۇشلۇق بولمىغاچقا، بۇ خىل كەيپىياتى ئۇنى ئەسلىي ھۆكۈمنى بىكار قىلىشقا قارشى تۇرۇشقا تېخىمۇ ئۈندىدى؛ يەنە بىر سىناتور—ئىسكوۋورورنىكوف كۆرۈنۈشتە ئەسلىي ھۆكۈمنى بىكار قىلىشنىڭ سەۋەبلىرى تولۇق ئەمەس دېسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭدا باشقا بىر ئوي بار ئىدى: شۇ بىر جالاپ خوتۇننى دەپ شۇنچىۋالا ئاۋارە بولۇش، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەشھۇر بىر ئادۋوكات بىلەن نېخليۇدوفنىڭ ئۇنى ئاقلاش ئۈچۈن قاراپ تۇرۇپ سىناتقا كېلىپ سوتقا قاتنىششى، ئۇنىڭ قارىشىچە، تولىمۇ يىرگىنچلىك بىر ئىش ئىدى....

ماسلوۋانىڭ ئەرزى مانا شۇنداق رەت قىلىندى.

## 6

نېخليۇدوف موسكۋاغا يېنىپ كېلىپ، ھەممىدىن بۇرۇن نارازىلىق ئەرزىنىڭ سىنات تەرىپىدىن رەت قىلىنغانلىقى، سوتنىڭ قارارىنى تەستىقلىغانلىقى توغرىسىدىكى كۆڭۈلسىز خەۋەرنى ۋە سىبىرىيىگە بېرىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىپ قويۇش لازىملىقىنى ماسلوۋاغا ئۇقتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن تۈرمىنىڭ دوختۇرخانىسىغا

باردى.

ئادۋوكات ئۇنىڭغا پادىشاھقا سۇنۇلىدىغان ئەرزنى يېزىپ بەرگەنىدى، ماسلوۋاغا قول قويدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ ئەرزنى تۈرمىگە ئالغاچ كېتىۋاتاتتى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ ئەرزدىن ئۈمىدى ئاز ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ كۆڭلىدە ھازىرقى پەيتتە ماسلوۋا بىلەن بىللە سۈرگۈن قىلىنىدىغانلار ئىچىدە سىبىرىيىگە كەتمەكتىن باشقا ئىلاج يوقتەك ھېس قىلاتتى، مۇبادا، ئۇنداق بولماي قالسا، ئۇ ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى، شۇنداقلا ماسلوۋانىڭ تۇرمۇشىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. خۇددى ئامېرىكىلىق يازغۇچى تورو: «قۇللۇق تۈزۈم قانۇنىيلاشتۇرۇۋېلىنغان، شۇنداقلا قۇللۇق تۈزۈم قوغدىلىۋاتقان بىر دۆلەتتە، بىر دۇرۇس - توغرا پۇقرانىڭ بارىدىغان بىردىنبىر مۇۋاپىق جايى تۈرمە» دېگەنىدەك، نېخليۇدوفنىڭ ئويىچىمۇ ھازىرقى رۇسىيىدە، بىر دۇرۇس - توغرا ئادەمنىڭ بارىدىغان بىردىنبىر مۇۋاپىق جايى تۈرمە بولۇپ قالدى! ئۇ پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ تۈرمىگە كېلىپ، دەرۋازىنىڭ ئىچىگە كىرگەن چېغىدا بۇنى تېخىمۇ بىۋاستە ھېس قىلدى.

دوختۇرخانىدا دەرۋازىۋەن نېخليۇدوفنى تونۇپ، شۇئان ئۇنىڭغا ماسلوۋانىڭ بۇ يەردە ئەمەسلىكىنى ئېيتتى: «ئۇ بىر ۋراچ بىلەن تېپىشىۋاپتىكەن، مۇدىر ۋراچ كە-



شىنى توغرىلاپ قويىدى.» بۇ خەۋەر نېخلىيۇدوفنى ھالىڭ ـ تالىڭ قالدۇردى؛ ئەجەبا، ئۇ تۇزەلمەس ھالەتكە يەتكەنمىدۇ؟

نېخلىيۇدوف موسكۋادىن كەتكەن كۈنلەردە، تۈرمىدە ناھايىتى كۆپ ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپتۇ. نېخلىيۇدوفنى تونۇيدىغان نۆۋەتچىنىڭ ئېيتىشىچە، تۈرمە باشلىقى ئالمىشىپتۇ، بۇرۇنقى تۈرمە باشلىقى بەكمۇ ياۋاش ئادەم بولغاچقا، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپتۇ، يەنە بىر قاتتىق قول يېڭى باشلىق ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋاپتۇ. دېگەندەك، ئۇزۇن ئۆتمەي يېڭى تۈرمە باشلىقى چىقىپ كەلدى، ئۇنىڭ قاپىقى يامان بولۇپ، گەپ قىلغاندا، نېخلىيۇدوفقا قاراپمۇ قويمىدى، يېڭى تۈرمە باشلىقى مەھبۇسلار بىلەن پەقەت بەلگىلەنگەن كۈنلەردىلا كۆرۈ ـ شۈشكە بولىدىغانلىقىدا چىڭ تۇرۇۋالغانىدى، نېخلىيۇدوف ئۆلكە باشلىقى ئىمزا قويغان رۇخسەت قەغىزىنى كۆر ـ سەتكەندىن كېيىنلا، ئۇ ئىلاجسىز قوشۇلدى، لېكىن كۆرۈشكەن چاغدا، شۇ ئىشخانىدا ئۆزىنىڭ بىللە بول ـ ىدىغانلىقىنى ئېيتتى. نېخلىيۇدوف پېتربۇرگتىكى چېي ـ غىدا شوستوۋا ۋېراغا بېرىپ قويۇشنى تاپىلىغان بىر پارچە خەتنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇنىڭدىن:

— سىياسىي مەھبۇسلار بىلەن كۆرۈشۈشكە بولام ـ دۇ؟ — دەپ سورىغانىدى، بۇ قېتىم تۈرمە باشلىقى قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى.

ماسلوۋا يەنە بۇرۇنقىدەكلا ئاق كوپتا بىلەن ئاق يوپكا كىيىپ، بېشىغا ئاق ياغلىق چىگىۋالغانىدى. ئۇ نېخليۇدوفنىڭ چىرايىدىكى سۈرۈنلۈكنى كۆرۈپ جىددىيلەشتى، يۈزلىرى ھۆپپىدە قىزاردى ـ دە، كوپتىسىنىڭ پېشىنى مىجىقلىغىنىچە يەرگە قارىۋالدى. ئۇنىڭ مۇنداق ھالىتى نېخليۇدوفقا دوختۇرخانىدىكى دەرۋازىۋەننىڭ سۆزىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلىغاندەك بولۇپ تۇيۇلدى، شۇڭا ئۇ ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشمىدى.

— مەن سىزگە بىر يامان خەۋەر ئېلىپ كەلدىم، — دېدى نېخليۇدوف تەمكىنلىك بىلەن، — سىنات نارازىلىق ئەرزىنى رەت قىلىۋەتتى.

— شۇنداق بولۇشىنى بىلەتتىم، — دېدى ماسلوۋا. ئۇنىڭ كۆزلىرى شۇئان ياشقا تولدى.

نېخليۇدوف ئۇنىڭ نارازىلىق ئەرزى رەت قىلىنغاچقا كۆڭلى يېرىم بولۇۋاتسا كېرەك، دەپ قاراپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى:

— ئۈمىدىڭىزنى ئۈزۈۋەتمەڭ، پادىشاھ ئالىيلىرىغا سۇنۇلىدىغان ئەرزنىڭ نەتىجىسى بولۇپ قالار....

ماسلوۋا ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى:

— مەن ئۇ ئىشنى ئويلاۋاتقىنىم يوق....

— ئەمىسە، نېمىنى ئويلاۋاتىسىز؟

— دوختۇرخانىغا بارغان بولسىڭىز، ئۇ يەردىكىلەر سىزگە مەن توغرۇلۇق......

نېخليۇدوفنىڭ غۇرۇرىنىڭ ھاقارەتلەنگەنلىكىدىن پەيدا بولغان يىرگىنىش ھېسسىياتى ئەمدىلا بېسىلىپ قالغانىدى، ماسلوۋا دوختۇرخانىنى تىلغا ئېلىشىغا ئۇ خىل ھېسسىيات يەنە يېڭىۋاشتىن باش كۆتۈردى ـ دە: «مەن بىر يۇقىرى تەبىقىنىڭ ئادىمى تۇرسام، ھەرقانداق بىر ئېسىلزادىلەر ئائىلىسىدىن چىققان قىز ماڭا تېـ. گىشنى بەختىم، دەپ قارايدىغان تۇرسا، شۇنداق تۇرۇقـ. لۇق مەن يەنە ئاشۇنداق بىر خوتۇنغا ئەر بولۇشنى تەكـ. لىپ قىلسام، سەۋر ـ تاقەت قىلىپ تۇرالماي، نەدىكى بىر ۋراچ بىلەن تېپىشىپ قالغىنىنى قارىمامدىـ. غان» — دەپ ئويلىدى نېخليۇدوف.

ئۇ پادىشاھقا سۇنۇلىدىغان نارازىلىق ئەرزىنى ئېـ. لىپ، ماسلوۋادىن قول قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، ماسلوۋا ئۇستەلگە ئولتۇرۇپ قول قويۇۋاتقان چاغدا، نېخليۇدوف ئۇنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇراتتى. بۇقۇلداپ يىغـ. لىۋېتىشتىن ئۈزىنى ئاران ـ ئاران تۇتۇپ تۇرغان ماسـ. لوۋانىڭ دۈمبىسى بىرە ـ بىرە تىترەپ قوياتتى، بۇنى كۆرگەن نېخليۇدوفنىڭ ھېسسىياتى زىددىيەتكە تولۇپ تاشتى، ھاقارەتلەنگەن غۇرۇرى بىلەن ئازاب چېكىۋاتقان مۇنۇ ئايالغا ئىچ ئاغرىتىش ھېسسىياتى ئوتتۇرىسىدا

كەسكىن كۈرەش يۈز بەرمەكتە ئىدى، ئاخىرقى ھېسابتا كېيىنكىسى يېڭىپ چىقتى، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ گۇنا-ھىنى، ئۇنىڭ چۈشكۈنلىشىشىدىكى باش گۇناھكارنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى يادىغا ئالغانىدى. ئۇ ئۆزىنى ئەيىب-لىدى: سېنىڭ ئۇنى ئەيىبلەشكە، ئۇنى يامان كۆرۈشكە نېمە ھەققىڭ بار؟

ماسلوۋا ئەرزگە قول قويۇپ بولۇپ، سىياھتا بۇل-غانغان بارمىقىنى يوپكىسىغا سۈرتتى.

— بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولۇشىدىن، قانداق ئەھۋال يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، مېنىڭ دېگىنىم دېگەن، گېپىمدىن ھەرگىز يېنىۋالمايمەن، سىزنى نە-كىلا ئەۋەتسە، شۇ يەرگە بىللە بارىمەن، — دېدى نېخل-يۇدوف ماسلوۋاغا تەسەللى بېرىپ.

— بۇنداق قىلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى ئۇ چىرايى بىردىنلا يورۇپ.

تۈرمە باشلىقى ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ گەپ قىلغۇچە نېخليۇدوف ماسلوۋا بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى، ئۇنىڭ قەلبىنى ئىلگىرى زادىلا كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل تېپتىنچ خۇشاللىق تۇيغۇسى چۇل-غىۋالغانىدى. نېخليۇدوفنىڭ كاللىسىدىكى تۇگۇنلەر ئاخىر يېشىلدى، ئۇ ماسلوۋانىڭ ھەرقانداق قىلىقى ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىنى

ئۆزگەرتەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ماسلوۋانىڭ كىم بىلەن ئىچ - پەش تارتقۇسى كەلسە، شۇنىڭ بىلەن ئىچ - پەش تارتىشىۋەرسۇن، بۇ — ئۇزىنىڭ ئىشى. نېخلىيۇدوف ئۇنى ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، ماسلوۋا ئۈچۈن، تەڭرى ئۈچۈن ياخشى كۆرىدۇ.

ئەسلىدە ماسلوۋانىڭ بۇ ئىشى دوختۇرخانا دەرۋازىدىنىڭ ئېيتقىنىدەك ئەمەس، بەلكى باشقىچە ئىدى:

بىر كۈنى ماسلوۋا كارىدورنىڭ نېرىقى بېشىدىكى دورىخانىغا دورا ئېلىش ئۈچۈن بېرىۋىدى، ئۇ يەردە ئۇزۇنغا ئىزچىل تۇردە ساقال تاشلاپ يۈرگەن ئۇستىنوف ئىسىملىك بىر ۋراچ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. بۇ قېتىم ئۇستىنوف پۇرسەت كەلدى، دەپ ئويلاپ قالدى بولغاي، دەرھال ئۇنىڭغا ئىسىلماقچى بولدى، بۇنى كۆرگەن ماسلوۋا ئۇنى كۈچەپ بىر ئىتتىرىۋىدى، ئۇستىنوف دورا قويۇقلۇق جازىغا بېرىپ سوقۇلۇپ، جازىدىكى دورا بوتۇلكىلىرىدىن ئىككىسى يەرگە چۈشۈپ چېقىلىپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا كارىدوردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان مۇدىر ۋراچ بوتۇلكىلارنىڭ جاراڭلاپ سۇنغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ۋە ماسلوۋانىڭ شەلپەردەك قىزىرىپ، ئالاقزادە بولۇپ دورىخانىدىن يۈگۈرۈپ چىققانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ۋارقىرىدى. يەنە ئۇنىڭ كەينىدىن چىققان ۋراچتىن بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سورىۋىدى،

نومۇسسىز ئوستىنوف ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن ماسلوۋاغا بەتنام چاپلاپ: ئۇ مېنى ئازدۇرماقچى بولدى، دېدى. مۇدىر ۋراچ شۇ كۈنىلا تۈرمە باشلىقىغا ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن ماسلوۋانىڭ ئورنىغا سىپايىرەك، يېشى چوڭراق بىرىنى ياردەمچىلىككە ئەۋەتىشنى ئۆتۈندى.

ماسلوۋاغا بەكمۇ ئەلەم قىلغىنى بىكاردىن ـ بىكار «پالانى بىلەن تېپىشىپ قاپتۇ»، دېگەن بەتنامغا قېلىشى ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ بۇرۇنقى تۇرمۇشىدىن بىزار بولۇپ ئاللىقاچان قول ئۈزگەنىدى. لېكىن جىمىكى ئەرلەر ئۇنىڭغا بىر تەرەپلىمە قاراپ، ئۇنى ھاقارەتلەشكە ئۆزلە-رىنى ھوقۇقلۇق، دەپ قارايتتى. بايا ئۇ نېخليۇدوف بە-لەن ئۇچراشقان چاغدا، ئۆزىنى ئاقلىماقچى بولغانىدى. لېكىن ئېغىز ئاچماي تۇرۇپلا، نېخليۇدوفنىڭ ئىشەن-مەيدىغانلىقىنى، بۇنى ئېنىق چۈشەندۈرۈشمۇ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى سېزىپ، كۆز ياشلىرى گېلىغا كېلىپ تىقىلىپ، گەپ قىلالماي تۇرۇپ قالدى....

## 7

ماسلوۋانى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەھبۇسلار توپى پو-يىز ئىستانسىسىدىن چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە ماڭدۇرۇلماقچى ئىدى. شۇڭلاشقا نېخليۇدوف ئۇلار بىلەن بىللە پويىز ئىستانسىسىغا بېرىش ئۈچۈن، تۈرمىگە

سائەت ئون ئىككىدىن ئىلگىرى يېتىپ بېرىشنى كۆڭ-
لىگە پۈكۈپ قويدى.

نېخليۇدوف مېھمانخانا بىلەن بولغان ھېساب ـ كى-
تابىنى ئۈزۈپ چىقتى ـ دە، بىر پەيتۇننى كىرا قىلىپ
تۈرمىگە ماڭدى. ئېيۇلنىڭ تازا ئىسسىق كۈنلىرى بول-
غاچقا، كوچىلاردىكى تاشلاردىن، ئۆيلەردىن، ئىمارەت
ئۆگزىلىرىدىكى قاڭالتىرلاردىن كۆتۈرۈلگەن ئىسسىقلىق
تەپتى ھاۋانى تېخىمۇ قىزىتماقتا ئىدى، شامالنىڭ ئاز-
راقمۇ شەپىسى يوق، ھەممە يەر تىمتاس ئىدى.

نېخليۇدوف پەيتۇن بىلەن تۈرمىگە يېتىپ كەلگەن-
دە، مەھبۇسلار تېخى ئېلىپ چىقىلمىغانىدى.

تۈرمىدە ماڭدۇرۇلىدىغان مەھبۇسلارنى تاپشۇرۇپ
بېرىش ۋە تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىش ئىشلىرى قاق سە-
ھەر سائەت تۆتتىلا باشلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن
ھازىرغىچىلىك تۈگىمىگەنىدى. چۈنكى مەھبۇسلار نا-
ھايىتى كۆپ بولۇپ، ئەر مەھبۇس ئالتە يۈز يىگىرمە
ئۈچ، ئايال مەھبۇس ئاتمىش تۆت ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەم-
مىسىنى رويخەت بويىچە بىرمۇبىر سېلىشتۇرۇپ چى-
قىش، ھەقىقەتەن يول ماڭالمايدىغان ئاغرىق ـ سىلاق ۋە
تېنى ئاجىزلاردىن باشقىلارنىڭ ھەممىسىنى يالاپ ماڭ-
غۇچى خادىملارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېرەك ئىدى. مەھ-
بۇسلار سەپ بولۇپ تىزىلىپ، چاقىرىلىش نۆۋىتىنى

كۇتۇپ يىڭرىغىنىم ئاپتاپقا قاقلىنىپ تۇرۇۋاتقىنىغا ئۈچ سائەتتىن ئاشقانىدى....

دەرۋازا ئاخىر تاراقلاپ ئېچىلدى. دەرۋازىدىن ئەڭ ئالدى بىلەن بەتلەكلىك مىلتىقلىرىنى كۆتۈرۈشكەن يالاپ ماڭغۇچى ساقچىلار چىقىپ تىزىلىپ بولۇشىغا، يەنە بۇيرۇق ئاۋازى ئاڭلىنىپ مەھبۇسلار چىقىشقا باشلىدى. ئالدىدا ئېغىر ئەمگەككە ھۆكۈم قىلىنغان ئەر مەھبۇسلار كۇل رەڭ مەھبۇس كىيىمى كىيىپ، كىشەنلىرىنى شاراقلىتىپ چىقىشتى، ئۇلاردىن كېيىن چىققان ھەر ئىككى كىشىنىڭ قولى بىردىن كويزا بىلەن چېتىپ قويۇلغان بولۇپ، بۇلار سۈرگۈن قىلىندىغانلار، ئېغىر ئەمگەككە ھۆكۈم قىلىنغان ئايال مەھبۇسلار، سۈرگۈن قىلىنغان ئايال مەھبۇسلار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئېرىنىڭ كەينىدىن كېتىۋاتقان ئاياللارمۇ بار ئىدى.

مەھبۇسلار تۈرمىنىڭ ئىچىدىكى چاغىسىلا ساناپ چىقىلغان بولسىمۇ، تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم سانالدى. يالاپ ئېلىپ ماڭغۇچى ساقچىلار مەھبۇسلارنى خالىغىنىچە ھاقارەتلەيتتى، ئىتتىرىپ دۈشكەلەيتتى. ساناش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، يالاپ ئېلىپ ماڭغۇچى ساقچىلار باشلىقى ئاللىنېمە توغرۇلۇق بۇيرۇق بېرىۋىدى، تېنى ئاجىز مەھبۇسلار ۋە بىللە

كېتىۋاتقان باللار ھارۋىلارغا يامىشىپ چىقىپ، لىق-
مۇلىق بېسىلغان يۈك - تاقنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشتى.
يالاپ ئېلىپ ماڭغۇچى ساقچىلار باشلىقى بۇيرۇق بەردى:

— پۈتۈن سەپ، قەدەملەپ مارش!

بۇيرۇق ئاۋازى بېسىلمىشغىلا تۈرمىنىڭ سىرتى
قالايمىقانلىشىپ كەتتى: ئەسكەرلەر مىلتىقلىرىنى شا-
راقلىتىشتى، مەھبۇسلار دەرھال بۆكىنى قولىغا ئېلىپ
چوقۇنۇشقا باشلىدى؛ ئۇزاتقىلى كەلگەنلەر ۋارقىراپ ئال-
لىنېمىلەرنى دېدى، مەھبۇسلارمۇ ئاللىنېمىلەرنى دەپ
ۋارقىراپ ئۇلارغا جاۋاب بېرىشتى؛ ئاياللارنىڭ ئارىسىدىن
يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى؛ مەھبۇسلار كىشەنلەنگەن پۇتلىرى-
نى سۆرەپ، چاڭ - توزان توزۇتۇپ يولغا چىقتى، ئۇلار-
نىڭ پۇتلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزاننىڭ دەستىدىن
ئادەمنىڭ دېمى سىقىلاتتى.

بۇ سەپ شۇ قەدەر ئۇزۇن ئىدىكى، ئالدىنقىلار يى-
راقلىشىپ كۆزدىن غايىب بولغاندا، يۈك - تاقلار بې-
سىلغان ۋە تېنى ئاجىز مەھبۇسلار ئولتۇرغان ھارۋىلار
ئاندىن ئورنىدىن قوزغالدى. نېخليۇدوف پەيتۇنغا ئولتۇ-
رۇپ، بۇ ئۇزۇن مەھبۇسلار سېپى ئىچىدىن ماسلوۋانى
تاپماقچى بولدى، ئۇ ئەمدى پەيتۇندىن چۈشۈپ مەھبۇسلار
سېپىگە يېقىنلىشىشىغا، يالاپ ماڭغۇچى ساقچى:

— پويىز ئىستانسىسىغا بارغاندىلا كۆرۈشۈشكە بو-

لىدۇ، — دەپ ئۇنى توسۇپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن نېخليۇ-
دوف نائىلاج مەھبۇسلارغا ئەگىشىپ يولىنى داۋاملاش-
تۇردى، پەيتۇن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭدى.
يولنىڭ ئىككى قاسنىقى تاماشا كۆرگۈچىلەر بىلەن
تولۇپ كەتكەنىدى، ئۇلار بۇ سۈرلۈك، قورقۇنچلۇق ئەھ-
ۋالغا ھەيران بولۇپ ئەندىشە بىلەن قارىشاتتى، ھېچكىم
زۇۋان سۈرمەيتتى.

نېخليۇدوف مەھبۇسلار بىلەن ئوخشاش تېزلىكتە
قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتاتتى، ئۇ پەقەت يازلىق پەلتوسىنىلا
كىيگەن بولسىمۇ، يەنىلا ناھايىتى ئىسسىقلاپ كەتتى.
بولۇپمۇ كوچىنى بىر ئالغان چاڭ-توزان ۋە تۇرغۇن،
تىنچىق ھاۋا كىشىنىڭ نەپىسىنى بوغاتتى، پۈتۈن جا-
ھان گويا پورۇقلاپ قايناۋاتقان قازانغا دۈملەپ قويۇلغاند-
دەك ئىدى. ئۇ ھارۋىكەشتىن سۇ ئىچكۈدەك بىرەر جاي-
نىڭ بار-يوقلۇقىنى سورىدى، ھارۋىكەش ئۇنى يېقىن
ئەتراپتىكى بىر ئاشپۇزۇلغا باشلاپ كەلدى، ئۇ بىر بو-
تۇلكا مىنېرال سۇ بۇيرۇپ، ئۈستىگە كىر داستىخان
يېپىلغان كىچىكرەك بىر ئۈستەلگە بېرىپ ئولتۇردى.
نېخليۇدوف سۈپسۈزۈك ۋە سوغۇق مىنېرال سۇنى ئى-
چىپ، ھېساباتىنى تۆگىتىپ پەيتۇنغا ئولتۇردى-دە،
مەھبۇسلارنىڭ كەينىدىن كەتتى.

ھاۋا تېخىمۇ ئىسسىپ كەتكەنىدى، تاملاردىن، تاشلاردىن

ئىسسىق ھاۋانىڭ تەپتى ئۇرۇپ تۇراتتى. كوچىغا ياتقۇ-زۇلغان تاشلار پۇتنى كۆيدۈرگۈدەك قىزىپ كەتكەنىدى. نېخلىيۇدوفنىڭ بىر قولى پەيتۇن چاقىنىڭ سىرلانغان قانىتىغا ئېھتىياتسىزلىقتىن تېگىپ كەتكەنىدى، كۆ-يۈپ قالغىلى قىل قالدى. ئات ئېرىنچەكلىك بىلەن يورۇپ كېتىۋاتاتتى، كوچىلارنى بويلاپ ئاستا كېتىۋاتقان پەيتۇندا ئولتۇرۇپ، ھارۋىكەش ھېلىدىن-ھېلى مۈگ-دەيتتى. نېخلىيۇدوف پەيتۇندا ھېچنېمىنى خىيالىغا كەلتۈرمەي، ئالدىغا بىپەرۋا قاراپ ئولتۇراتتى. بىر چوڭ بىنانىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە، ئۇ بىر قوراللىق ساقچى بىلەن بىر توپ كىشىنىڭ غۇژمەك بولۇپ تۇر-غانلىقىنى توساتتىن كۆرۈپ قالدى، بىرەر ئىش چىق-قاندەك قىلاتتى، ئۇ ھارۋىكەشكە پەيتۇننى توختاتقۇزدى.

نېخلىيۇدوف پەيتۇندىن چۈشۈپ، ئادەملەر توپى تە-رەپكە قاراپ ماڭدى. كوچىنىڭ پىيادىلەر يولىغا يېقىن-راق يېرىدە يېشى خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بىر ئەر مەھبۇس ئوڭدىسىغا ياتاتتى. ئۇنىڭ قىپقىزىل قى-زىرىپ كەتكەن ھەرىكەتسىز كۆزلىرى ئاسمانغا تىكىل-گەن بولۇپ، كۆكرىكى ئارىلاپ ـ ئارىلاپ قاتتىق سىلكى-نىپ قوياتتى ۋە ئۇ توختىماستىن ئېچىنىشلىق ئىڭ-رايتتى....

دەل مۇشۇ چاغدا، بىر ساقچى باشلىقى كېلىپ، ئورنىۋالغان كىشىلەرگە غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ ئۇلارنى تارقىتىۋەتتى ۋە بىر ساقچىنى مەھبۇسقا سۇ ئىچكۈزۈشكە بۇيرۇدى. ساقچى مەھبۇسنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ، سۇنى ئۇنىڭ ئاغزىغا قۇيماقچى بولۇۋىدى، لېكىن مەھبۇس قىلچىمۇ ھوشىنى بىلمىگەچكە، قۇيۇلغان سۇ ئۇنىڭ ساقىلىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشۈپ، چاڭ ـ توزانغا مىلىنىپ كەتكەن كىيىملىرىنى پۈتۈنلەي ھۆل قىلىۋەتتى.

ساقچى باشلىقى نېخليۇدوفنىڭ ھارۋىكەشكە ئايلىنىپ كەتكەن مەھبۇسنى شۆبە ساقچى ئىدارىسىگە ئېلىپ بېرىشنى بۇيرۇدى، نېخليۇدوفمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدى. بىراق ئۇلار ساقچى ئىدارىسىنىڭ ھويلىسىغا كىرمەي تۇرۇپلا مەھبۇس ئۆلۈپ قالدى. دوختۇر قائىدە بويىچە مەھبۇسنىڭ جەسىتىنى بىر قېتىم تەكشۈرۈپ چىقتى — يۈرىكىنى تىڭشىدى، كۆز قاپىقىنى ئۆرۈپ باقتى، ئەڭ ئاخىردا يەكۈن چىقاردى:

— ئۇ تۈگىشىپتۇ.

ئۇلار جەسەتنى دەرھال ساقچى ئىدارىسىنىڭ يەر ئاستى گەمىسىگە ئەكىرىۋېتىشتى.

ئۇ كېيىن بىلدىكى، شۇ كۈنى تۈرمىدىن پويىز ئىستانسىسىغا كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا جەمئىي بەش

مەھبۇس تېنى ئىنتايىن ئاجىز بولغانلىقتىن، ئىسسىق ئۆتۈپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ.

نېخلىيۇدوف پويىز ئىستانسىسىغا يېتىپ كەلگەندە، مەھبۇسلارنىڭ ھەممىسىنى دېرىزىلىرىگە تۆمۈر شادا ئورنىتىلغان ۋاگونلارغا ئولتۇرۇپ بولغانىدى. ئۇ تىڭ-تىڭلاش ئارقىلىق ماسلوۋانىڭ 3 ـ ۋاگوندا ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ، ئۇنى ئىزدەپ تاپتى. ۋاگون دېرىزىسىدىن ئاچچىق تەر ھىدى ئارىلاش ئىسسىق ھاۋا ئۇزلۇكسىز تۇردە سىرتقا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى، ۋاگون ئىچى تاشتىن قوپۇ-رۇلغان تام مەشكىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئورۇندۇقلارنىڭ ھەممىسى ئايالالار بىلەنلا توشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ يۈز-لىرى ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتكەن. چىلىق ـ چىلىق تەر-گە چۆمگەنىدى. نېخلىيۇدوفنى كۆرۈپ، ئۇلار گېپىنى توختاتتى ـ دە، ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن قاراشتى. ماسلوۋا ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى ـ دە، دېرىزە ئالدىغا كېلىپ نېخلىيۇدوفقا تىكىلدى.

— نەرسىلەرنى تاپشۇرۇۋالدىڭىزمۇ؟ يەنە باشقا نەرسە لازىممۇ؟ — دەپ سورىدى نېخلىيۇدوف ئۇنىڭدىن.

— تاپشۇرۇۋالدىم، ئەمدى ھېچ نەرسە لازىم ئە-مەس، — دېدى ماسلوۋا.

— سىز راستىنلا بارامسىز؟ — دەپ سورىدى ماس-لوۋا گويا نېخلىيۇدوفنىڭ بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن

كەلگەنلىكىنى بىلمەيدىغاندەك. مۇئەييەنلەشكەن جاۋابقا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇ ھېچنېمە دېمەي، ئېغىر خورسىنىپلا قويدى.

شۇ ئارىلىقتا قولىدا پۇشتەك تۇتقان پويىز باشلىقى كەلدى، ئارقىدىنلا قوڭغۇراق ئاۋازى بىلەن پۇشتەك ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇزاتقۇچىلار ئارىسىدىن ۋە ۋاگونلاردىن يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى، پويىز قوزغالدى، نېخليۇدوف بىلەن فېدوسىيىنىڭ ئېرى تاراس ئىستانسا سۇپىسىدا كەينى ـ كەينىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ۋاگونلارغا قاراپ قاتار تۇرۇشاتتى. ماسلوۋا بولسا ۋاگون ئىچىدە ھەمراھلىرى بىلەن دېرىزە ئالدىدا نېخليۇدوفقا قاراپ مەيۈس كۈلۈمسىرەپ ئۆرە تۇراتتى.

# ئۈچىنچى قىسىم

## 1

مەھبۇسلار ئاللىقاچان بەش مىلى چاقىرىمغا يېـ-
قىنراق يول ماڭغانىدى، ماسلوۋا جىنايى ئىشلار جىنا-
يەتچىلىرى بىلەن بىرلىكتە بەزىدە پويىزغا، بەزىدە پارا-
خوتقا ئولتۇرۇپ سىبىرىيىنىڭ غەربىدىكى پېرىمغا يې-
تىپ كەلدى. پەقەت پېرىمغا يېتىپ كەلگەندىلا، ئاندىن
نېخلىيۇدوف كۆپ يول مېڭىش ئارقىلىق ئۇنى سىياسىي
مەھبۇسلار قاتارىغا يۆتكەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.
بۇ — بوگو دوخوۋسكايا كۆرسەتكەن ئەقىل ئىدى.
ماسلوۋا سىياسىي مەھبۇسلار سېپىگە يۆتكەلگەندىن
كېيىن، ئۇنىڭ ئەھۋالى ھەممە جەھەتتىن ياخشىلىنىشقا
باشلىدى. سىياسىي مەھبۇسلارنىڭ ياتىدىغان جايى، تا-
مىقى بىرقەدەر ياخشى ئىدى. ئۇلار ئۇنچىۋالا قوپال مۇ-
ئامىلىگىمۇ كۆپ ئۇچرىمايتتى. ھەممىدىن مۇھىمى
شۇكى، ئۇ ئەرلەرنىڭ ئاۋارىچىلىكلىرىدىن قۇتۇلۇپ،
كۆڭلىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزىدىغان بولدى؛ ئۇنىڭدىن تاش-
قىرى، ماسلوۋا يەنە بىرنەچچەيلەن بىلەن تونۇشۇپ قال-
دى، ئۇلار ماسلوۋاغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسەتتى.

سىنتەبىر كۆڭۈللىرىنىڭ بىر ئەتىگىنى سوغۇق شا-مال چىقىپ، تۇرۇپ قار، تۇرۇپ يامغۇر ياغماقتا ئىدى. تۆت يۈز ئەللىك نەپەر ئەر-ئايال مەھبۇس بېكەتنىڭ ھويلىسىدا تۇراتتى، ياللاپ ماڭغۇچى ساقچىلار باشلىقى مەھبۇسلارغا ئىككى كۈنلۈك تاماق پۇلىنى تارقىتىپ بېرىۋاتاتتى، ئۇلار بۇ پۇلغا ئۆزلىرى يېمەكلىك سېتىـ-ۋېلىپ يېيىشى كېرەك ئىدى. شۇ ئەسنادا، ھەر خىل ئوزۇق-تۈلۈكلەرنى سېتىش ئۈچۈن ھويلىغا نۇرغۇن سېتىقچىلار كىرىپ كەلدى.

ھەممىلەن نەرسە-كېرەك سېتىۋېلىپ يولغا چىـ-قىشقا تەييارلىنىۋاتقاندا، توساتتىن مۇنداق بىر ئىش يۈز بەردى: مەھبۇسلار ئارىسىدا يەرلىك سوت تەرىپىدىن سۈرگۈنگە ھۆكۈم قىلىنغان بىر دېھقان بار بولۇپ، ئۇنىڭ خوتۇنى ئالدىنقى بېكەتتە كېزىك كېسىلىگە مۇپتىلا بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەچكە، ئۇلارنىڭ كىچىك با-لىسى ئۇنىڭغا قېلىپ، بالىنى يول بويى كۆتۈرۈپ مې-ڭىشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئەمدىلىكتە بولسا ياللاپ ماڭغۇچى ساقچىلار باشلىقى ئۇنىڭغا بەلگىلىمە بويىچە كويزا سېلىشتا چىڭ تۇرىۋالغاچقا، دېھقان: كويزا سېلىپ قويساڭ، بالىنى قانداق كۆتۈرىمەن؟ دەپ، كويزا سېلىشقا ئۇنىمىدى. ساقچىلار باشلىقى دەرغەزەپ بولۇپ، ئۇنىڭغا قول سالدى، بىر تەرەپتىن ئۇرۇپ، بىر تەرەپتىن

پەسكەش تىللار بىلەن تىللىدى. ئەر مەھبۇسنىڭ يۈز ـ كۆزى قانغا بويىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ساقچىلار باشلىقىنىڭ دېيىقاننى ئۇرغان قولى ئاغرىسىپ كەتكەچكە، قەھر ـ غەزىپى تېخىمۇ پەلەككە يەتتى.

مەھبۇسلار دەسلەپتە سۈكۈت ئىچىدە قاراپ تۇرۇشقان بولسىمۇ، ئاخىر چىداپ تۇرالماي پارتلاپ غۇدۇراشقا باشلىدى:

ــ ئالدىنقى بېكەتتىن مۇشۇ يەرگە كەلگۈچە قولىغا كويزا سېلىپ باقمىغان ئۇنىڭ.

ــ ئۇ بىر بالا، كۈچۈك بولمىسا، شۇنچە كىچىك تۇرۇپ قانداق ماڭالايدۇ؟

ــ بۇنداق قىلىش قانۇنسىزلىق.

ئەڭ ئاخىرقى بىر جۈملە سۆز ساقچى باشلىقىنى ئېلان چاققاندەك ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇ ئاممىغا ئەسەبىيلەرچە ئېتىلدى:

ــ كىم ئۇ گەپ قىلىۋاتقان؟ قانۇن دېگەننىڭ نېمىلىكىنى كۆرسىتىپ قويىمەن سەنلەرگە، كىم ئۇ شۇنداق دېگەن؟ ــ دېدى ئۇ مەھبۇسلارغا ۋەھشىيلەرچە كۆز تىكىپ.

ــ ھەممەيلەن دەۋاتىمىز، چۈنكى...، ــ دېدى پاكار ـ راق بىر ئەر مەھبۇس.

ساقچى باشلىقى بىر شاپىلاق سېلىپ، ئۇنىڭ

گېپىنى ئۈزۈپ قويدى.

— سىلەر ئىسيان كۆتۈرمەكچىمۇ تېخى؟ سىلەرنى ئېتىپ تاشلايمەن، ئىتنى ئېتىپ تاشلىغاندەك ئېتىپ تاشلايمەن. باشقىلار ئۇقسا، ھەشقاللا دېيدۇ ماڭا!

ھەممىيلەن جىم بولۇپ قېلىشتى. يالاپ ئېلىپ ماڭغۇچى ساقچىلاردىن بىرى چىرقىراپ يىغلاۋاتقان قىزچاقنى دادىسىنىڭ قولىدىن يۇلۇپ تارتىۋالدى، قىزچاق بىر تەرەپتىن جېنىنىڭ بارىچە تېپىچەكلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن بولۇشىچە چىرقىراپ يىغلايتتى. يىغا ئاۋازى مەھبۇسلارنىڭ قەلبىگە پىچاقتەك قادالدى....

ئەر مەھبۇسقا كويزا سېلىندى.

— قىزچاقنى خوتۇنلارغا ئاپىرىپ بەر! — دەپ ۋارقىرىدى ساقچى باشلىقى يالاپ ئېلىپ ماڭغۇچى ساقچىغا.

بۇ چاغدا مارىيە پاۋلوۋنا كىشىلەر ئارىسىدىن چىقتى.

— قىزچاقنى ماڭا تاپشۇرۇپ بېرىڭ، — دېدى ئۇ تەمكىنلىك بىلەن يالاپ ماڭغۇچى ساقچىلار باشلىقىغا.

يالاپ ئېلىپ ماڭغۇچى ئەسكەر نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى.

ساقچى باشلىقىمۇ تۇرۇپ قالدى. بىراق ئۇ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، بۇنى بۇ ئىشتىن قۇتۇلۇشنىڭ

ياخشى چارىسى، دەپ ھېس قىلىپ، بۇنىڭغا قوشۇلدى.

ماسلوۋا قىزچاقنى بىر پارچە بولكا بىلەن گوللاپ قوچىقىغا ئېلىۋالدى.

شۇنداق قىلىپ بۇ ۋەقە تىنچىدى. يالاپ ماڭغۇچى ئەسكەرلەر مەھبۇسلارنى يىغىۋاشتىن ساناپ چىقتى ـ دە، مەھبۇسلار قوشۇنىنى ھەيدەپ يولغا چىقتى. ھېلىقى ساقچى باشلىقى ھارۋىغا چىقاي دەپ تۇرۇشىغا، باشتىن ـ ئاخىر بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي تۇرغان سىمونسون يوغان قەدەملەر بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— توغرا قىلمىدىڭىز، جانابىي ساقچى باشلىقى، — دېدى.

— بۇ ئىشلارنىڭ سىز بىلەن ئالاقىسى يوق.

— مەن شۇنىلا دېمەكچىمەن، سىز توغرا ئىش قىلمىدىڭىز، يەنە كېلىپ مەن بۇ گەپنى سىزگە دەپ بولدۇم، — دېدى سىمونسون قويۇق قاشلىرىنىڭ تېگىدىن ساقچى باشلىقىنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ قاراپ.

— تەييار بولدۇڭلارمۇ؟ پۈتۈن قوشۇن قەدەملەپ مارش! — دەپ ۋارقىرىدى ساقچى باشلىقى سىمونسون بىلەن زاكونلىشىشقا پېتىنالماي، ئارقىدىن ئۇ يالاپ ماڭغۇچى ئەسكەرنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ ھارۋىغا چىقتى.

مەھبۇسلار قوشۇنى ئاستا قەدەم تاشلاپ يۈرۈپ كەتتى.

## 2

ماسلوۋانىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇ ئۇچراتقان سىياسىي مەھبۇسلارنىڭ ھەممىسى «ئاجايىپ ياخشى» كىشىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭغا بەرگەن تە-سىرى ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ زور بولغىنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېتىۋاتقان ئىككى كىشى ئىدى.

ماسلوۋا مارىيە پاۋلوۋنانى ھەممىدىن ياخشى كۆرەت-تى، ئۇنىڭغا قايىل بولاتتى، قەلبىدە ئۇنىڭغا چوقۇناتتى. دۆلەتمەن گېنېرالنىڭ ئائىلىسىدىن دۇنياغا كەلگەن بۇ سىياسىي مەھبۇس ئۇچ خىل چەت ئەل تىلىدا سۆزلە-شەلەيتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئادەتتىكى ئىشچى ئاياللاردەكلا تۇرمۇش كەچۈرەتتى، ئاكىسى ئەۋەتىپ بەرگەن نەرسى-لەرنىڭ ھەممىسىنى باشقىلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىۋېتىپ، ئۆزى كەمبەغەللەرچە كىيىنىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئېيتى-شىچە، مارىيە پاۋلوۋنا كىچىكىدىن تارتىپلا يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشىدىن يىرگىنىدىكەن. شۇ-ڭا، ئۇ خىزمەتكار ئاياللار بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ، ھەمىشە ئاشخانىلاردا، ئات ئېغىللىرىدا يۈرگەنلىكى ئۈ-چۈن، دائىم تىل - ئاھانەت ئاڭلاپ تۇرىدىكەن. ئۇ ئون توققۇز يېشىدا ئۆينى تاشلاپ چىقىپ كېتىپ، فابرىكىغا

ئىشچى بولۇپ كىرگەن، كېيىنچە ئىنقىلاب يولىغا مېڭىپ قالغان ئىكەن....

بۇ، مەڭگۈ باشقىلار ئۈچۈن قانداق خىزمەت قىلىشنى، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنىلا ئويلايدىغان، ئۆزى توغرۇلۇق بولسا ناھايىتى كەمدىن ـ كەم ئويلايدىغان قىز ئىدى.

ماسلوۋاغا تەسىرى ئەڭ زور بولغانلارنىڭ يەنە بىرى — ئەر سىياسىي مەھبۇس سىمونسون ئىدى.

ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا، ئوفىتسېر بولۇپ ئىشلەۋاتقان دادىسىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ھالال مۈلۈك ئەمەس دەپ قاراپ، دادىسىغا بۇ مال ـ مۈلۈكنى خەلققە ياندۇرۇپ بېرىش كېرەكلىكىنى ئېيتقان ئىكەن. دادىسى ئۇنىڭ گېپىگە كىرىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، ئۇنى قاتتىق تىللاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆيىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىپ، ئاتىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈل ـ كېسىل ئۈزۈپتۇ. ئۇ نۆۋەتتىكى ياۋۇز كۈچلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى خەلقنىڭ نادانلىقىدىن دەپ قاراپ، ئۇنىۋېرسىتېتنى تۈگەتكەندىن كېيىن يېزىغا بېرىپ ئوقۇتقۇچى بوپتۇ ۋە ئوقۇغۇچىلار بىلەن دېھقانلارغا ئىنقىلاب يولىنى تەشۋىق قىپتۇ، كېيىن قولغا ئېلىنىپتۇ.

سىمونسوننىڭ قاچاندىن باشلاپ ماسلوۋانى ياخشى

كۆرۈپ قالغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. گەرچە يۈز-
تۇرانە ئىزھار قىلىنمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆپ-
كۆك، چوڭ كۆزلىرى دائىم ماسلوۋاغا ئۇزاقتىن ـ ئۇزاققا
تىكىلىپ تۇراتتى، بۇ ھال ئاخىر ماسلوۋانىڭ دىققىتى-
نى تارتتى. ماسلوۋا ئۆزىنىڭ ئاياللارغا خاس سەزگۈسى
بىلەن بۇ كاج ۋە تارتىنچاق ئەرنىڭ ئۆزىنى يوشۇرۇن
ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى سېزىپ، ئاللىقاچان مۇز
بولۇپ قېتىپ كەتكەن قەلب دېڭىزى يەنە ئاستا ـ ئاستا
ئېرىپ، دولقۇنلاشقا باشلىدى.... بۇ، نېخليۇدوفنىڭ
ئۇنىڭغا ئۆيلىنىش تەلىپىنى قوبۇلى بىلەن ئوخشى-
مايتتى، نېخليۇدوف قىلغان ـ ئەتكەنلىرىگە توۋا قىلىش
تۈپەيلىدىن شۇنداق قىلغانىدى، سىمونسون بولسا، پاك
قەلبى بىلەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى. ماسلوۋا
ئىلاجىنىڭ بارىچە سىمونسوندا تېخىمۇ ياخشى تەسىر
قالدۇرۇش ۋە ئۇنى ئۈمىدسىزلەندۈرمەسلىك ئۈچۈن، ئۆ-
زىنىڭ ياخشى پەزىلەتلىرىنى كۈچىنىڭ بارىچە ئىپادى-
لەشكە تىرىشىدىغان بولدى. شۇڭلاشقا، ماسلوۋانىڭ
جىسمانىيىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر بارغانسېرى زورىيىپ
بارماقتا ئىدى.

مەيلى مارىيە پاۋلوۋنا بولسۇن ياكى سىمونسون
بولسۇن، ئىككىلىسى خەلق تەرىپىدە تۇرۇپ، يۇقىرى
قاتلام كىشىلىرىگە قارشى تۇراتتى. ئۇلار ئەسلىدە يۇ-

قىرى قاتلامغا مەنسۇپ بولسىمۇ، لېكىن خەلق مەنپە-ئىتى ئۇچۇن ئۆزلىرىنىڭ ئىمتىيازىنى، ئەركىنلىكى ۋە هاياتىنى قۇربان قىلىشتىن ئايانمىغانىدى. بۇ ماسلوۋاغا بىر روھىي كۆزنەك ئېچىپ بەرگەندەك بولدى، ئۇ بۇ كۆزنەكتىن بىردىنلا يېپيېڭى بىر دۇنيانى كۆردى.

— دەسلەپتە مەن جازاغا هۆكۈم قىلىنىدىم دەپ يىغلاپ يۈرۈپتىمەن — هە، — دەيتتى ئۇ، — ئەمەلىيەتتە تاكى ئۆلگۈچە تەڭرىگە شۈكۈر قىلسام، رەھمەت ئېيتسام بولىدىكەن، هازىر نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىۋالدىم، ئىل-گىرىكىدەك ياشاۋەرگەن بولسام، بۇلارنى ئۇ دۇنيا — بۇ دۇنيا بىلەلمەيتتىم.

يېقىندىن بۇيان نېخليۇدوف ماسلوۋا بىلەن ئىككىلا قېتىم كۆرۈشەلىدى، ماسلوۋانىڭ كەيپىياتى هامان تۆ-ۋەن ئىدى، نېخليۇدوفقىمۇ ئىنتايىن سوغۇق مۇئامىلە قىلاتتى. ئەر مەھبۇسلار ھەمىشە چېقىلىپ ئارام بەر-مىگەچكە، ماسلوۋانىڭ كەيپىياتىنىڭ ياخشى بولمايۋاتقانلىقىنى بولسا، نېخليۇدوف بىلمەيتتى. ئۇ، ماسلوۋا نېمىشقا يولغا چىقىش ئالدىدىكىدەك خۇشال ئەمەس؟… دەپ ئويلايتتى، لېكىن سىياسىي مەھبۇسلار سېپىگە يۆتكەلگەندىن تارتىپ بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشقىچە بول-غان ئارىلىقتا، ماسلوۋادا روشەن ئۆزگىرىشلەر يۈز بەر-گەنىدى، ئۇ قايىقىنىمۇ تۇرمىدى، تەمتىرەپمۇ كەتمىدى،

روھىي كەيپىياتى تەبىئىي ھالدا ئۇنى كۈتۈۋالدى، شۇنداقلا ئۇنىڭغا ئۆزى ئۈچۈن قىلىپ بەرگەن بارلىق ئىشلىرى ئۈچۈن، بولۇپمۇ ئۆزىنى سىياسىي مەھبۇسلار ئارىسىغا يۆتكەپ قويغانلىقى ئۈچۈن تەشەككۈر ئېيتتى.

نېخليۇدوف ئىختىيارسىز ھالدا، سىياسىي مەھبۇسلار زادى قانداق ئادەملەردۇ؟ ... دەپ ئويلىنىپ قالدى.

جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدا تۇرمۇش كەچۈرگەن ئاقسۆڭەك نېخليۇدوف ئەڭ دەسلەپتە، تەبىئىي ھالدا بۇ ئىنقىلابچىلارنى ياقتۇرمايتتى. چۈنكى، بىرىنچىدىن، ئۇلار ھەمىشە تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى، مەسىلەن، چار پادىشاھنى ئۆلتۈرۈشتى؛ ئىككىنچىدىن، ئۇلار ئادەتتە ئۆزلىرىنى قالتىس چاغلايتتى، شۇڭا ئۇلارنى نېخليۇدوف ئۆچ كۆرەتتى ۋە مەنسىتمەيتتى. لېكىن كاتيۇشا دېلوسىغا ئارىلاشقاندىن كېيىن، ئۇ داۋاملىق تۈردە نۇرغۇن ئىنقىلابچىلار بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي تۇرمۇشىنى چۈشەندى ـ دە، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى قارىشىنى پەيدىنپەي ئۆزگەرتتى.

نېخليۇدوف سىل كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان سىياسىي مەھبۇس كرىسلوفتىن مۇنداق بىر ھېكايىنى ئاڭلاپ قالدى: ئۇ تۇرغان كامېرغا ئىلگىرى ئىككى نەپەر ناھايىتى ياش ئىنقىلابچى قامالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى ئالاھازەل ئون بەش ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى

بىر بالا ئىكەن. ئۇلار بىر ئىنقىلابىي خىتابنامىنى يې- نىدا ئېلىپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن قولغا ئېلىنغانىكەن، كېيىن ئۇلار پويىز ئىستانسىسىغا ئېلىپ كېتىۋاتقاندا، يالاپ ئېلىپ ماڭغۇچى ساقچىنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنغانلىقى ئۈچۈن تۇتۇۋېلىنىپ، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپتۇ. لېكىن تۈرمىدىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئۇلارنىڭ راستتىنلا دارغا ئېسىلىشىغا ئىشەنمەي، ئۇلارنىڭ دېلوسى شۇنچە يېنىك تۇرسا، ئۇ- نىڭ ئۈستىگە ئۇلار پەقەت يالاپ ئېلىپ ماڭغۇچى ساق- چىنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلۇشقىلا ئۇرۇنغان تۇرسا، بۇنىڭغىمۇ ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلارمۇ؟ ئۇلارنى قورقۇتۇپ قويۇش ئۈچۈنلا شۇنداق قىلىنغان بولسا كې- رەك، دەپ قارىشىپتۇ. لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي، كۆزەتچى- لەرنىڭ ئېيتىشىچە، تۈرمىگە بىرمۇنچە ياغاچچىلار كەپتۇ ـ دە، دار ياساشقا كىرىشىپتۇ. شۇ چاغدىلا بۇ گەپكە ھەممەيلەن ئىشىنىپتۇ، لېكىن ھېچكىم بۇنى ئۇ ئىككى بالىغا ئېيتماپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەستىن، كۆزەتچى يەنە موسكۋادىن جاللات ئېلىپ كېلىنگەنلىك خەۋىرىنى يەت- كۈزۈپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ جىمىكى كامېرلار جىم- جىتلىققا چۆمۈپتۇ، تۈرمىداشلارنىڭ ھېچقايسىسى ئەمدى تامنى ئۇرۇپ خەۋەرمۇ يەتكۈزۈشمەپتۇ يا يۇقىرى ئاۋازدا ناخشىمۇ ئېيتماپتۇ. ئىككى بالىمۇ ئانچە ـ مۇنچە

سېزىپ قالغان بولسا كېرەك، ئۇچرىغانلاردىن سوراپ تۇرۇپتۇ، لېكىن ھېچكىمنىڭ ئۇلارغا ئېيتقۇسى كەل-مەيتۇ ... شۇنداق قىلىپ ئەتىسى ئۇلار دارغا ئېسىلىپتۇ. ئىككى ياش ھايات دۇنياغا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئال-دىراپ - تېنەپ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ....

بۇ ھېكايە ناھايىتى ئېچىنىشلىق بولۇپ، نېخليۇ-دوفنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر ئورناپ قالدى ھەمدە ئۇنىڭغا ئىلگىرى چۈشەنمەيدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى بىردىنلا چۈشەندۈرۈپ قويدى.

3

كىچىك قىزچاق تۇپەيلى، مەھبۇسلار بىلەن يالاپ ئېلىپ ماڭغۇچى ساقچىلار باشلىقى توقۇنۇشۇپ قالغان كۈنى كەچتە ئۇلار يەتتىنچى بېكەتكە يېتىپ كەلدى.

ئالدىنقى ئالتە بېكەتتە نېخليۇدوف يالاپ ئېلىپ ماڭغۇچى ئەسكەرلەر باشلىقىغا ماسلۇۋا بىلەن كۆرۈ-شۈش تەلىپىنى قويغان بولسىمۇ، ئىزچىل تۇردە رۇخ-سەت قىلىنمىغانىدى. بۇ قېتىم، يالاپ ئېلىپ ماڭغۇ-چى ساقچىلار باشلىقى قانداق ئويلاپ قالدىكىن، توساتتىن كۆرۈشۈشكە قوشۇلۇپ، ساقچىلارغا نېخليۇدوفنى مەھبۇسلارنىڭ ۋاقىتلىق تۇرمىسىگە باشلاپ بېرىشنى

بۇيرۇدى.

نېخليۇدوفنىڭ بۇ يەردە كۆرگەن تۇنجى ئادىمى سىمونسون بولدى. ئۇ، مەشكە ئوتۇن سېلىۋاتاتتى. سىمونسون نېخليۇدوفنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆردى، ئۇ ئاللىقاچان تەييارلىنىپ قويغاندەك قىلاتتى.

— كەلگەنلىكىڭىز ئۈچۈن ناھايىتى خۇرسەنمەن، مەن سىز بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىدىم، — دېدى سىمونسون نېخليۇدوفنىڭ سۇنغان قولىنى سىقىپ، ئوچۇق كۆڭۈللۈك ۋە سەمىمىلىك بىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تويپتوغرا قاراپ.

— نېمە ئىش بىلەن؟ — دەپ سورىدى نېخليۇدوف.

— سەل تۇرۇپ ئېيتاي، ھازىر ئىش قىلىۋاتىمەن، — سىمونسون يەنە مەش بىلەن ھەپىلىشىشكە باشلىدى.

نېخليۇدوف ئانچە چوڭ بولمىغان بىر كامېرغا كىردى، تاماق بىلەن قايناق سۇ ئېلىپ كېلىشكە كەتكەن ئىككى ئەر مەھبۇسنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردە ئىدى. نېخليۇدوف بۇرۇندىنلا تونۇيدىغان ۋېرا ئەر مەھبۇسلارغا تاماكا ئوراپ بېرىۋاتاتتى؛ ياش، تېتىك رانسېۋا ئەپچىللىك بىلەن ئىستاكان، چىنىلەرنى سۈرتكەچ، نېخليۇدوفنى كۈلۈمسىرەپ قارشى ئالدى؛ مارىيە پاۋلوۋنا بولسا ھېلىقى قىزچاقتىن

خەۋەر ئىلىشقاتاتتى؛ مەشھۇر ئىنقىلابچى نوۋودوروف خالـ
تىسىدىكى نەرسە ـ كېرەكلىرىنى رەتلىگەچ، ئۆزى ياقـ
تۇرىدىغان قىز گىرابتس بىلەن گەپلىشىپ ئولتۇراتتى،
نېخليۇدوف بىلەن گېپى بىر يەردىن چىقمىدىغان مۇڭـ
داشقاق كرىسلوف سىل كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىـ
قى تۈپەيلىدىن سۇلغۇن ھالەتتە كارىۋاتتا تۈگۈلۈپ
ئولتۇراتتى.

بىرئازدىن كېيىن قايناق سۇ بىلەن تاماق كۆتۈرـ
گەن ئىككى ئەر مەھبۇس كامېرغا قايتىپ كەلدى.

مەشنىڭ ئوتى تۇتىشىپ، ئۆي ئىسسىدى. ھەممەيـ
لەن توپلىشىپ بىر تەرەپتىن چاي ئىچكەچ تاماق يېـ
يىشسە، بىر تەرەپتىن مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلدى.
بۇگۈن يولدا سوغۇقتىنىپ، يامغۇردا قېلىپ، بۇ يەرگە
كېلىپمۇ يەنە پاسكىنىچىلىق، قالايمىقانچىلىقنىڭ
ئۇستىگە چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلى يېرىم بولغانىدى.
مىلڭ بىر مۇشەققەتتە بۇ يەرنى يىغىشتۇرغاندىن كېـ
يىن، مانا ئەمدى ئېغىزغا تېتىغۇدەك غىزا يەپ، ئىسـ
سىق چاي ئىچىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى.
بۇ چاغدا سىمونسون نېخليۇدوفنى چاقىرىپ قالدى.

ئىككىيلەن كارىدورغا چىققاندا، سىمونسون گەپ
باشلىدى.

— مەن سىزنىڭ ماسلوۋا بىلەن بولغان

مۇناسىۋىتىڭىزنى بىلىمەن.

سىرتتىكى جىنايى ئىشلار مەھبۇسلىرىنىڭ يۇقىرى ئاۋازدا تاكاللىشىشى ئۇنىڭ گېپىنى بېسىپ چۈشتى. نېخلىيۇدوف ئىختىيارسىز قوشۇملىرىنى تۈردى. دەل شۇ چاغدا مارىيە پاۋلوۋنا كارىدورغا چىقتى.

— يۇرۇڭلار، نېرىقى ئۆيگە كىرىڭلار، ئۇ يەردە ۋىروچكا دەم ئېلىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ. مارىيە پاۋلوۋنا ئۇلارنى شۇ يەرگە ئەكىرىپ قويۇپ چىقىپ كەتمەكچى بولغاندى، سىمونسون ئۇنىڭ مۇشۇ يەردە قېلىپ، ئاڭلاپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلدى، شۇنىڭ بىلەن مارىيە پاۋلوۋنامۇ ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇردى.

— شۇنداق قىلىپ نېمە دېمەكچىدىڭىز؟ — سورىدى نېخلىيۇدوف.

— مەن ماسلوۋاغا ئۆيلەنسەممىكىن دەيمەن، — دېدى سىمونسون سەممىيلىك بىلەن نېخلىيۇدوفقا قاراپ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ نېخلىيۇدوفنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ كەتتى، گەرچە ئۇ سىمونسوننىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى ئالدىنئالا پەرەز قىلىپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ گېپى مۇنداق تۈز، توغرىدىن ـ توغرا، مۇنداق سەممىيلىك بىلەن ئېيتىلغانلىقىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى.

— سىز كاتيۇشاغا ئېيتىپ قويۇڭ، ئۇنىڭ

ئىختىيارى ئۆز قولىدا، ئۇ ئۆزىنىڭ تۇرمۇش يولىنى تاللاشقا ھوقۇقلۇق، — دېدى نېخليۇدوف سىمونسوندىن ئۆتۈنۈپ.

— مەن ئۇنى ئىنتايىن ياخشى ئايال سۈپىتىدە ياخشى كۆرىمەن ھەمدە ئۇنىڭ ئازاب - ئوقۇبىتىنى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن يېنىكلىتىشنى خالايمەن. ئەگەر ئۇ سىزنىڭ ياردىمىڭىزنى قوبۇل قىلىشنى خالىمىسا، مېنىڭ ياردىمىمنى قوبۇل قىلسۇن. ئەگەر ئۇ ماقۇل دېسە، باشقۇرغۇچىلاردىن مېنى ئۇ قامىلىدىغان يەرگە سۈرگۈن قىلىشنى تەلەپ قىلىمەن...، — دېدى سىمونسون ھاياجانلىنىپ.

— مەن ئۇنىڭ سىزدەك بىر ھامىي تاپالىغانلىقىدىن ناھايىتى خۇشال...، — دېدى نېخليۇدوف سەمىمىيلىك بىلەن.

ئەزەلدىن تەمكىن، چىرايىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدىغان سىمونسون نېخليۇدوفنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، دەرھال بالىلارچە خۇشچىراي بىلەن يۈزىنى نېخليۇدوفقا يېقىنلاشتۇرۇپ، ئۇنى بىرنى سۆيۈپ قويدى.

— ئەمىسە، مەن ئۇنىڭغا شۇنداق دەي، — دېدى سىمونسون چىقىپ كېتىۋېتىپ.

سىمونسون چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، نېخليۇدوف مارىيە پاۋلوۋناغا كاتيۇشانى چاقىرىۋېتىشنى ئېيتتى.

كاتيۇشا كىرگەندىن كېيىن، نېخليۇدوف ئۇنىڭغا:

— سىز سىمونسوننى ياخشى كۆرسىڭىزلا، بۇ ئىشلارنى ئەمەلىيەتتە ئۆزىڭىز بەلگىلىسىڭىز بولۇۋېرىدۇ، — دېدى.

ئۇ ھېچنېمە دېمەي، پىچىرلاپلا قويدى:

— بۇ، قانداق ئىش بولۇپ كەتتى؟...

نېخليۇدوف ئۇنىڭ ئېنىق جاۋابىنى كۈتتى.

ئۇلار بىرنەچچە سېكۇنت ئۈن ـ تىنسىز بىر ـ بىرىنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى. بىراق، مۇنداق بېقىشىش ئارقىلىق ئۇلار نۇرغۇنلىغان يۈرەك سۆزلىرىنى قىلىشىپ بولغانىدى.

نېخليۇدوف شۇنى چۈشەندىكى، بۇ، كاتيۇشانىڭ جاۋابى ئىدى.

## 4

ئەتىسى نېخليۇدوف مېھمانخانىدا مارىيە پاۋلوۋنانىڭ بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى. خەتتە مەھبۇسلارنىڭ يولغا چىققانلىقى، لېكىن كرىسلوفنىڭ ئەھۋالىنىڭ ناھايىتى ناچارلىشىپ كەتكەنلىكى، ئۆزىنىڭ چاتاق چىقىشتىن ئەنسىرەۋاتقانلىقى، نېخليۇدوفنىڭ ئالدى تەرەپتىكى شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن ئۇنى ئاشۇ شەھەردە قالدۇرۇپ قويۇشقا رۇخسەت قىلىش توغرىسىدا

سۆزلىشىپ بېقىشىنىڭ لازىملىقى، ئەگەر ئۇنى شەھەردە قالدۇرۇشقا رۇخسەت قىلىسا، ئەڭ ياخشىسى، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ھەمراھ بولىدىغانلىقى، ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلىدىغانلىقى، ئەگەر زۆرۈر تېپىلسا، ئۆزىنىڭ كىرىسلوفقا تېگىشكە تەييار ئىكەنلىكى يېزىلغانىدى....

نېخليۇدوف مەھبۇسلار سېپىگە يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن، شۇئان يولغا چىقتى ۋە ئانچە يىراققا بارمايلا ئۇلارغا يېتىشىۋالدى. نېخليۇدوف يالاپ ماڭغۇچى ئەسكەرنىڭ رايىغا پەرۋا قىلماي، كىرىسلوف ياتقان هارۋا تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ بىر تەرەپتىن هارۋىنىڭ شوتىسىدىن تۇتقىنىچە مېڭىپ، بىر تەرەپتىن ئۇنىڭدىن هال سورىدى. كىرىسلوف قۇرۇق ئوت ـ چۆپ ئۇستىدە ياتاتتى، چىرايىمۇ خۇددى قۇرۇپ كەتكەن ئوت ـ چۆپتەك سارغىيىپ كەتكەن بولۇپ، نە قىلچە هاياتىي كۈچ، نە گەپ قىلغۇدەك مادارى يوق ئىدى. مارىيە پاۋلوۋنا خەتتىكى مەزمۇنلارنى يەنە بىر قېتىم سۆزلەپ بەردى، نېخليۇدوف ئەستايىدىللىق بىلەن ماقۇل بولدى.

ئالدى تەرەپتىكى شەھەرگە بارغاندا نېخليۇدوفنىڭ قىلىدىغان تۇنجى ئىشى شۇ يەرلىك ئەمەلدار بىلەن كۆرۈشۈش ئىدى. ئۇ: مەن ئەركىنلەشتۇرۇش ئىدىيىسىگە ئىگە بىر ئادەم دەپ ماختىنىدىغان گېنېرال ئىدى. ئۇ نېخليۇدوفنىڭ ئىلتىماسىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ھەرقانداق نۇقتىئىنەزەرنى چۈشىنەلەيدىغان قىياپەتتە بىرنەچچە ئېغىز چىرايلىق گەپلەرنى

قىلدى ـ يۇ، لېكىن ھېچقانداق ئەمەلىي ۋەدە بەرمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، نېخلىيۇدوف ئۆزىنى خۇشال ھېس قىلدى.

نېخلىيۇدوف گېنېرالنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ پوچتىخانىغا باردى، پوچتىخانىدىن يېڭى ژۇرنال ۋە ئۆزىگە ئەۋەتىلگەن بىرنەچچە بارچە خەتنى تاپشۇرۇۋالدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر پارچە زاكاز خەتنى سېلىېنىن ئەۋەتكەنىدى.

— ماسلوۋا دېلوسى توغرىسىدا سېنىڭ دېگەنلىرىڭ توغرا ئىكەن،— دېيىلگەنىدى خەتتە،— كېيىنچە مەن دېلونى ئىنچىكىلەپ تەكشۇرۇپ چىقىپ، ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلىنغانلىقىنى سەزدىم ـ دە، ئارىلىقتا بەزى خىزمەتلەرنى ئىشلىدىم، ھازىر چار پادىشاھ تەستىقلاپ چۈشۈردى. شۇڭا بۇ خۇش خەۋەرنى دەرھال ساڭا مەلۇم قىلدىم ھەمدە ھۆججەتنى ساڭا ئەۋەتتىم....

بۇ ئىشتىن ئاخىر بىر نەتىجە چىققاچقا، نېخلىيۇدوف تولىمۇ خۇشال بولدى!

نېخلىيۇدوف ھۆججەتنى ئوقۇدى، ماسلوۋاغا بېرىلگەن ئېغىر ئەمگەككە سېلىش جازاسىنى سۈرگۈن قىلىش جازاسىغا ئۆزگەرتىشنى پادىشاھ تەستىقلىغانىدى. نېخلىيۇدوف ئەركىن نەپەس ئالدى. شۇنداق، ئۇ ماسلوۋا ئۈچۈن قىلىپ بېرىشنى ئارزۇ قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇدى.

كەچتە نېخلىيۇدۇف تەكلىپ بويىچە گېنېرالنىڭكىگە

تاماقتا باردى. تاماق ئارىلىقىدا ئۇ تۈرمىگە كىرىپ مەھبۇسلار بىلەن كۆرۈشۈشكە يەنە رۇخسەت سورىدى. گېنېرال تاماق ۋاقتىدا ئىش توغرۇلۇق سۆزلىشىشنى ياقتۇرمىسا كېرەك، ئەتىمالىم، گەپ ـ سۆز قىلمىدى. بۇ زىياپەتكە كەلگەن يەنە بىر ئىنگلىز ساياھەتچى بار بولۇپ، ئۇ رۇسىيىنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈۋاتقانىدەك قىلاتتى، ئۇنىڭ سىبىرىيىگە سۈرگۈن قىلىنغانلارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا ئىلمىي ماقالە يازغۇسى بار ئىكەن، شۇنداقلا يەنە دىن تارقاتماقچى ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ چېركاۋلار ۋە چوڭ زاۋۇتلاردا ئېكسكۇرسىيىدە بولغانلىقىنى، يەنە تۈرمىلەرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى كۆرۈپ باققۇسى بارلىقىنى ئېيتمۇندى، گېنېرال شۇئان ماقۇل بولۇپ، تاماقتىن كېيىن ئۇنىڭ نېخلىيۇدوف بىلەن بىللە دەرھال تۈرمىگە بېرىشىنى ئورۇنلاشتۇردى.

سۈرلۈك تۈرمىگە كىرگەندىن كېيىن، نېخلىيۇدوف ئالدى بىلەن نازارەتچىگە كاتيۇشانى چاقىرتىۋېتىشنى ئېيتتى. كاتيۇشانىڭ چىرايى بۇرۇنقىدەكلا خاپىغان كۆرۈنەتتى، ئۇ ھېلى قىزىرىپ، ھېلى تاتىراتتى، گويا نېخلىيۇدوفنى كۆرۈشنى خالىمايۋاتقاندەك قىياپەتتە ئىدى.

نېخلىيۇدوف خۇشال ھالدا، جازانى يېنىكلىتىش ئىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىق خەۋىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتتى، لېكىن ئۇ ئازراقمۇ خۇشال بولمىدى، پەقەت:

— ئۇقتۇم، نازارەتچى ئېيتتى، — دېيىلا قويدى ۋە

ئۇلاپلا، — مەن سىمونسون بىلەن بىللە تۇرۇۋاتـ-
مەن! — دېدى. بۇ گەپ گويا ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت ئويـ-
لىنىپ، ئالدىنئالا تەييارلاپ قويۇلغاندەكلا ئۇنىڭ ئاغزىـ-
دىن پوسۇققىدە چىقىپ كەتتى.

— ھە، مۇنداق دەڭ، — دېدى نېخلىيۇدوف تولىمۇ
ھەيران بولۇپ.

— سىزنىڭ بۇ يەردە قېلىپ، جاپا تارتىپ يۈرۈ-
شىڭىزنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ھېلىمۇ يەتكۈدەك جاپا تارتـ-
تىڭىز، — دېدى ئۇ تەبەسسۇم ئىلكىدە، — بىزگە ھېچـ-
نېمىنىڭ كېرىكى يوق. سىز مېنى دەپ ناھايىتى كۆپ
كۈچ چىقاردىڭىز. مۇبادا سىز بولمىسىڭىز...

كاتيۇشا گېپىنى داۋاملاشتۇرۇلماي قالدى، ئۇنىڭ
قاپقارا كۆزلىرىدە ياش ئەگىپ، پارقىراشقا باشلىدى.

نېخلىيۇدوف ئۇنىڭ «بىزگە» دېگەن گېپىگە دىققەت
قىلدى، بۇ يەردىكى «بىز» ئۇنى ۋە سىمونسوننى كۆر-
سىتەتتى، ئەلۋەتتە. لېكىن بۇ گەپ ئۇنىڭ قەلبىنىڭ
چوڭقۇر يېرىدىكى سىرنى ئاشكارىلاپ بەردى....

كاتيۇشا نېخلىيۇدوفنىڭ يېنىدا ساقلاپ تۇرغان
ئىنگلىزغا دىققىتىنى ئاغدۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ئۇنداقتا، بىز مۇشۇ يەردە خوشلىشايلى!

ناھايىتى روشەنكى، بۇ قوش مەنىگە ئىگە گەپ ئىدـ-
دى. ئۇ «خوش ئەمىسە» دېگەن مەنىنى بەرگەندىن تاشـ-
قىرى، رۇس تىلىدا يەنە «كەچۈرۈڭ» دېگەن مەنىنىمۇ
بېرەتتى. نېخلىيۇدوف چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتتى ـ دە، ئەلىڭ

ئاخىرىدا ئۇنىڭ قولىنى سىقىپ، ئۇنى ئۇزىتىپ قويىدى. ئۇ شۇنى بىلەتتىكى، كاتيۇشا ھازىر بۇ ئىشخانىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىنمۇ چىقىپ كەت- تى — مەڭگۈلۈك...

## 5

تۇرمە باشلىقى ئىنگلىز بىلەن نېخليۇدوفقا ھەمراھ بولۇپ تۇرمىگە كىردى.

ئۇلارنىڭ ئالدى بىلەن كۆرگىنى ئېغىر ئەمگەككە ھۆكۈم قىلىنغان مەھبۇسلارنىڭ بىرىنچى كامېرىدىن ئىبارەت بولدى. بۇ يەردە تەخمىنەن يەتمىشتەك ئەر مەھبۇس بولۇپ، ئۇلار ئازراقمۇ ئارىلىق قويماي، يېقىن سىغدىلىپ بۇگلۇكتە ياتاتتى. كامېرنىڭ ئىشىكى ئې- چىلىشىغا، ھەممىيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كىشەنلە- رىنى شاراقشىتىپ بۇگلۇك ئالدىدا ئۆرە تۇرۇشتى. پەقەت ئىككىلا ئادەم ئورنىدىن تۇرمىدى، ئۇلارنىڭ بىرى، قى- زىپ قالغان يىگىت، يەنە بىرى، ئىڭراپ ياتقان قېرى كىشى ئىدى. ئىنگلىز ئاغرىپ قالغان ئىككى مەھبۇس- نىڭ ئەھۋالىنى سورىدى، ئارقىدىن دىنىي ئەقىدىلەرنى تەشۋىق قىلدى.

— ئىسا ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتقانىدى، ئۇلارنى دەپ جېنىدىن جۇدا بولغانىدى. ئەگەر ئۇلار مانا شۇنىڭغا ئىشەنسە، ھەقىقىي يوسۇندا گۇناھىدىن ساقىيت

بولىدۇ، — دېدى ئۇ. نېخليۇدوف ئۇنىڭ گەپلىرىنى مەھبۇسلارغا تەرجىمە قىلىپ بەردى. ھېچكىم ئۇنىڭ گېپىگە قىزىقمىدى. بىراق، ئۇ سومكىسىدىن قاتتىق مۇقاۋىلىق يېڭى ئىنجىلدىن بىرنەچچىنى ئېلىۋىدى، ئۇلار گويا بۇ كىتابنى راستىلا ئوقۇيدىغاندەك، بەس ـ بەستە تالىشىپ كەتتى.

ئىككىنچى كامېردىكى ئەھۋالمۇ شۇنداق بولدى.

ئۈچىنچى كامېردا ئىككى مەھبۇس ئۇرۇشۇۋاتاتتى. ئېيتىشىچە، بىرى يەنە بىرىنىڭ پايتىمىسىنى ئوقۇش ـ ماستىن ئېلىۋالغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئۇرۇشۇش كېلىپ چىقىپتۇ. بىرىنىڭ بۇرنى قانىغان بولۇپ، ئەھۋالى ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئىدى. ھېلىقى ئىنگلىز ئۆز تالانتىنى نامايان قىلىدىغان پۇرسەت كەلدى، دەپ بىلىپ مەھبۇسلاردىن سورىدى:

— ئىسانىڭ قائىدىسى بويىچە بۇنداق جاڭجاللارنى قانداق ھەل قىلىشنى بىلەمسىلەر؟

نېخليۇدوف تەرجىمە قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، بىرەيلەن:

— باشلىققا ئېيتىش كېرەك، ئۇ بىر تەرەپ قىلىپ قويىدۇ، — دېدى. يەنە بىرى:

— خەقنى بوزەك قىلغان ئەبلەخنى دۇمبالاش كې ـ رەك، — دېدى.

نۇرغۇن ئادەم كېيىنكى گەپنى ماقۇللاپ كۈلدى.

نېخليۇدوف ئۇلارنىڭ جاۋابىنى ئىنگلىزغا تەرجىمە

قىلىپ بەردى.

— ئۇلارغا ئېيتىڭ، ئىسانىڭ قائىدىسى بويىچە دەل بۇنىڭ ئەكسىنى قىلىش كېرەك: ئەگەر بىرى بۇ يۇ- زۇڭگە بىر كاچات ئۇرسا، سەن ئۇ يۈزۈڭنىمۇ تۇتۇپ بېرىشىڭ كېرەك، — دېدى ئىنگلىز يۈزىنى تۇتۇپ بې- رىۋاتقاندەك ھەرىكەت قىلىپ.

نېخلىيۇدوف تەرجىمە قىلىپ بەردى.

— ئۇنىڭ ئۆزى شۇنداق قىلىپ باقسا ئىكەن، — دېدى بىرى.

— بۇ يۈزۈڭگىمۇ بىر كاچات سالسا، يەنە نەرىگىنى تۇتۇپ بېرەمسەن؟ — دېدى ئاغرىپ ياتقانلاردىن بىرى.

— ئۇنداقتا، خەق سېنى ئۇرۇپ خېمىر قىلىۋېتەر.

كامېردىن قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلدى، ھەتتا تاياق يەپ بۇرنىدىن قان، ئاغزىدىن شۆلگەي ئېقىپ تۇرغان ھېلىقى مەھبۇسمۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

بۇنىڭلىق بىلەن ئىنگلىز ھودۇقۇپ كەتمىدى، بەل- كى نېخلىيۇدوفتىن: قىلغىلى بولمايدىغاندەك تۇيۇلغان ئىشلارنى ئېتىقادى مۇستەھكەم كىشىلەر ناھايىتى ئا- سانلا قىلالايدۇ، بۇلارغا مانا شۇنى ئېيتىپ قويۇڭ، — دەپ ئۆتۈندى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئېغىر ئەمگەككە ھۆكۈم قىلىنغانلارنىڭ كامېرىدىن سۈرگۈن قىلىنغانلارنىڭ كامېرىغا ئۆتتى، سۈرگۈن قىلىنغانلارنىڭ كامېرىدىن يەرلىك سوت مەھكىمىلىرى سۈرگۈنگە ھۆكۈم قىلغان

دېھقانلار كامېرىغا، ئۇنىڭدىن مەھبۇسلارغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ئائىلە ـ تاۋابىئاتلار ـ خانىسىغا ئۆتتى. ھەممىلا يەردە ئەھۋال ئوخشاش ئىدى: ھەممىلا جاي ياۋايى ھايۋانلارنى قەپەسكە سولاپ قويغاندەك سولاپ قويۇلغان ئاچ ـ يالىڭاچلار، ئاغرىققا مۇپتىلا بولغانلار، ھاقارەتلەنگەنلەر بىلەن تولغانىدى. ئىنگلىز مەلۇم ساندىكى ئىنجىلنى تارقىتىپ بولۇپ، قايتا نۇتۇق سۆزلىمىدى. بۇنداق چىدىغۇسىز مەنزىرە، ئادەمنىڭ نەپىسىنى بوغىدىغان سېسىق ھاۋا ئۇنىڭمۇ بېشىنى قايدۇرغان بولسا كېرەك، ئۇ تۈرمە باشلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىردا ئۆزىگە دېگەنلىرىگە قۇلاق سالغاچ، پەقەت «all right»* دەپلا قوياتتى.

ئەڭ ئاخىرقى كامېردىن چىققاندا، ئىنگلىز ئىشىكى ئوچۇق تۇرغان بىر كامېرنى سېزىپ، ئۇنى كۆرۈپ باققۇسى كەلدى. تۈرمە باشلىقى ئۇنىڭ جەسەت قويۇش ئۆيى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. نېخليۇدوف ئىنگلىزغا ئەگىشىپ ئۇ كامېرغا كىردى ـ دە، يەردە ياتقان تۆت جەسەتكە كۆزى چۈشتى، ئۇنىڭ بىرى سۆسۈن رەڭلىك كىيىم كىيگەن بىر ئەر كىشىنىڭ جەسىتى ئىدى. نېخليۇدوفنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ كەتتى ـ دە، ئۇ كرىسلوفمۇ، ــ نېمە؟ دەپ ئويلىدى، ئۇ ھەقىقەتەن ساپا ئىدى! ئۇ بۇ چىرايىنى تۇنۇگۈنلا ھاياجانلىق ۋە قايغۇلۇق ھالەتتە كۆرگەنىدى.

* ئىنگلىزچە: «ناھايىتى ئوبدان» دېگەن مەنىدە.

مانا ئەمدى بىر پارچە ئاق قەغەزگە ئايلانغانىدى...
نېخليۇدوفنىڭ كاللىسى ئېتىلىپ كېتەي دەپ قالدى

قىسقىلا بىر كۈندە ئۇ شۇنچە كۆپ ئىشلارنى يولۇقتۇردى: گېنېرالنىڭ ئۆيىدىكى ئازادىلىك، مول زىياپەت، كاتيۇشانىڭ جازاسىنى يەڭگىللىتىش، سىمونسون بىلەن كاتيۇشانىڭ مۇھەببىتى، كاتيۇشادىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان چوڭ ئۆزگىرىش، ئىجتىمائىيشۇناس ۋە دىن تارقاتقۇچى ئىنگلىز، يامان مۇھىتتىكى مەھبۇسلار، ئەڭ ئاخىردا دوستى، ياش سىياسىي مەھبۇس كرىسلوفنىڭ ئۆلۈمى ... ئۇ ئاسمانغىمۇ چىقتى، يەرگىمۇ كىردى، خۇشاللىق، غەزەپ، قايغۇ، شادلىق — ھەممىنى باشتىن كەچۈردى، ئۇ گويا قېلىن بىر قامۇسنى ئوقۇغاندەك، ئۆمرىنى بىر قېتىم ئاخىرلاشتۇرغاندەك بولدى!

نېخليۇدوف ئىنگلىز بىلەن خوشلاشمايلا، تۈرمىدىن ئايرىلدى ـ دە، پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ مېھمانخانىغا قايتىپ كەتتى.

6

نېخليۇدوف ئۆز ئىدىيىسىنى تەرتىپكە سالمىسا بولمايتتى. كاتيۇشا ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەتتى، كاتيۇشا ئەمدى ئۇنىڭغا ئېھتىياجلىق ئەمەس، بۇ ھال بىر تە-

رەپتىن ئۇنىڭ يۈرىكىنى زېدە قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى نومۇس قىلدۇراتتى. لېكىن شۇ تاپتا ئۇنى قىيناۋاتقان نەرسە ئۇ ئەمەس ئىدى.

مۇشۇ بىر مەزگىل ئىچىدە كۆرگەنلىرى، بولۇپمۇ بۇگۇن كۆرگەن كىرىسلوفنىڭ ئۆلۈمى ئۇنىڭغا رۇسىيە جەمئىيىتىدىكى رەزىل كۈچلەرنىڭ بۇگۇنكى كۈندە خالىغىنىچە زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىپ ئۇستۇنلۈكنى ئىگىلەۋاتقانلىقىنى، ئۇنى يېڭىش ئىمكانىيىتى بارلىقىنى كۆرۈش بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا قانداق قىلغاندا ئۇنى يېڭىشكە بولىدىغانلىقىنىڭ ئۆزىمۇ ناھايىتى قىيىن مەسىلىدەك قىلىدۇ.

باغرى قاتتىق گېنېراللار، باش تەپتىشلەر، تۈرمە باشلىقلىرى قاماپ قويۇپ، ھاۋاسى بۇزۇلغان ۋە بۇلغانغان تۈرمىلەردە سولىنىپ يېتىۋاتقان ۋە يېتىمسىچە خارلىنىۋاتقان يۈزلىگەن، مىڭلىغان ئادەملەر نېخلىيۇدوفنىڭ كۆز ئالدىدا گەۋدىلەندى. ئۇ يولدا ئۇچراتقان، تەگرىگە ئىشەنمەيدىغان، «ئۆزۈم ئۆزۈمگە چار پادىشاھ» دەيدىغان ھېلىقى بوۋاينى ئىختىيارسىز ئەسلىدى. ئۇ خىيانەتچى، پارىخور ئەمەلدارلارنى دادىللىق بىلەن تازا تىللىغىنى، جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى ئاچقانلىقى ئۈچۈن، ئاقىۋەتتە «ساراڭ» دەپ قارىلىپ تۈرمىگە قاماپ قويۇلغانىدى. ئۇ يەنە دەرد ئىچىدە كەتكەن كىرىسلوفنى ئەسلىدى، ئۇنىڭ دەرد ـ ئەلەم چېكىشى نېمە ئۈچۈن؟ ئۇنىڭ ياشىشى نېمە ئۈچۈن؟ بۇلار نورمال

ئىشمۇ — نورمال ئىش ئەمەسمۇ؟ زادى نېخلىيۇدوف ئۆزى ئەقلىدىن ئازغانمىدۇ ياكى ئۆزلىرىنى ئەقىللىق ھېساب-لاپ تۇرۇقلۇق، ئاشۇنداق ئىشلارنى قىلىۋاتقان كىشىلەر ئەقلىدىن ئازغانمىدۇ؟...

بۇ مەسىلىلەر كەسكىن ھالدا نېخلىيۇدوفنىڭ ئال-دىغا قويۇلۇپ، ئۇنىڭ جاۋاب بېرىشىنى كۈتمەكتە ئىدى.

بۇ كېچە نېخلىيۇدوف ئۇخلىمىدى، ئۇ چىراغ ئاس-تىدا ئولتۇرۇپ، ئىنگلىز خاتىرە ئۈچۈن بەرگەن «ئىن-جىل» نى قولىغا ئېلىپ ئاچتى.

ئۇقۇ - ئۇقۇ نېخلىيۇدوفنىڭ كاللىسى بىردىنلا ئې-چىلىپ كەتتى، ئۆزىنى گاڭگىرىتىپ كېلىۋاتقان بىر قاتار مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچىنى بىردىنلا تېپىۋالغاندەك بولدى—توغرا، بۇ ئاچقۇچنىڭ نامى «ئەپۇ قىلىش» دەپ ئاتىلىدۇ. جەمئىي پاجىئەلەرنىڭ مەنبە-سى — كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىك، ئۆچ - ئا-داۋەت، ماجىرا - نىزا، ئەيىبلەش، جازالاش، كۈرەش قى-لىش... تىن، يەنى ئەپۇ قىلماسلىقتىن ئىبارەت ئىدى. بىر قىسىم كىشىلەر گۇناھلىق كىشىلەرنى جازالاش بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئۆزى گۇناھ ئۆتكۈزىدۇ. ھەربىر ئادەم خۇدانىڭ ئالدىدا گۇناھكارمەن، دەپ ئېتىراپ قى-لىشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە بارلىق كىشىلەرنى ئەپۇ قىلىشى لازىم، ئەنە شۇندىلا بۇ دۇنيادىن ئۈمىد بار بو-لىدۇ، شۇندىلا تۈرلۈك ۋەھشىيلىكلەر ھەقىقىي يوقى-لىدۇ، شۇندىلا ئاخىرقى ھېسابتا ئەركىن، گۈزەل كى-شىلىك جەننىتىنى قۇرۇپ چىققىلى بولىدۇ....

نىخلىيۇدوف يېنىپ تۇرغان چىراغنىڭ يورۇقىغا تىكى-لىپ قېتىپ قالدى، ئۇنىڭ قەلبىمۇ يورۇپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ تۇرمۇشتىكى خىلمۇخىل بەتقىلىقلارنى ئەس-لىدى، مۇبادا ئادەملەر مۇشۇ پەرھىزلەر بويىچە ئۆز - ئۆ-زىنى قېلىپلاشتۇرۇپ تۇرسا، ئۇ چاغدا جەمئىيەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ناھايىتى روشەن كۆزئالدىغا كەلتۈردى...ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئىلگىرى زادىلا بولۇپ باقمىغان بىر خىل خۇشاللىق قاپلىدى.

بۇ كېچە ئۇ ناھايىتى كۆپ ئويلىدى، ناھايىتى يى-راقنى ئويلىدى.

بۇ مېنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشىم. بىر ئىش ھېلىلا تۈگخۈىدى، مانا يەنە بىر ئىش باشلاندى.

ئەنە شۇ ۋاقىتتىن تارتىپ، نېخلىيۇدوفقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، پۈتۈنلەي يېڭى بىر ھايات باشلاندى....

# ئەسلىي ئەسەر ئۈستىدە تەھلىل

«تىرىلىش» رومانىنىڭ ۋەقەلىكى ناھايىتى ئاددىي: پاك كاتيۇشانى ئاقسۆڭەك بايۋەچچە ئازدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىپپەت - نومۇسىغا تېگىپ قويىدۇ، شۇ تۈپەيلىدىن ئۇ پومېشچىكنىڭ قورۇقىدىن ھەيدىلىپ، كوچىلاردا سەر-سان - سەرگەردان بولۇپ يۈرىدۇ، شۇنداقلا قارا كۈچلەر-نىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قات-لىمىغا مەنسۇپ بولغان پاھىشە ئايالغا ئايلىنىپ قالىدۇ. كېيىن يەنە پۇلنى كۆزلەپ ئادەم ئۆلتۈردى، دېگەن بوھتان بىلەن ئۇۋالچىلىققا قالىدۇ. شۇنچىۋالا زور ئۇ-ۋالچىلىق ئاقلانمايدۇ. تولستوي كاتيۇشا قاتارلىق كى-شىلەرنىڭ تەقدىرى ئارقىلىق رۇسىيىدىكى پۈتكۈل ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقنى ئىنكاس قىلىدۇ. بۇنداق رەھىمسىز پاش قىلىش ۋە ئىنكاس قىلىشتا گەۋدىلەن-دۈرۈلگىنى دەل ئون مىليونلىغان پاترىئارخال تۈزۈم-دىكى دېھقانلارنىڭ قۇدرەتلىك قارشىلىشىش كۈچىدىن، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئېزىۋاتقان، ئېكسپىلاتاتسىيە قى-لىۋاتقان پومېشچىك، بۇرژۇئازىيىگە بولغان ئۆچمەنلى-كىدىن، ئۆزلىرىنى ئالداپ، قايمۇقتۇرغان ھۆكۈمەت

باشقۇرۇشىدىكى دىنىي جەمئىيەتلەرگە بولغان كۆچلۈك نارازىلىقىدىن ئىبارەت.

تولستوي «تىرىلىش» رومانىدا رۇسىيىنىڭ زۇلـ-ـمەتلىك رېئاللىقىغا بولغان تەنقىدىنى ئاساسلىقى مۇنداق ئىككى جەھەتتىن ئېلىپ بارغان: بىر تەرەپتىن، پارازىت سىنىپىنىڭ چىرىكلىكى ۋە ئەكسىيەتچىلىكىنى يازغان. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەمگەكچى خەلقنىڭ تارتقان جاپا ـ مۇشەققىتىنى يازغان. يازغۇچى خەلق مەيدانىنى چىقىش قىلىپ، خەلقنىڭ جاپا ـ مۇشەققىتىنى تەسۋىرلەش ئار-ـقىلىق رۇسىيىدىكى ھۆكۈمران سىنىپنى قامچىلىغان.

رۇسىيىنىڭ رېئاللىقىنى پاش قىلىش سوتتىن باشلىنىدۇ. «تىرىلىش» تىكى ئىككى باش قەھرىمان سوتتا يەنە بىر قېتىم ئۇچرىشىدۇ. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ماسلوۋا جاۋابكار ئورنىدا، ئۇنىڭغا زىيانـ-ـكەشلىك قىلغۇچى نېخليۇدوف بولسا سوراقچى ئورنىدا ئولتۇرىدۇ. بۇ خىل ھالەتنىڭ ئۆزى بۇ جاينىڭ ھەق ـ ناھەقنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىدىغان جاي ئىكەنلىكىـ-ـنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

سوتلاش پائالىيىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىدىغان سوت باشلىقىنىڭ سوت جەريانىدا ئويلىغىنى ماسلوۋا دېلوسىنى تېزرەك ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۆز ئاشنىسى بىلەن كۆرۈشۈۋېلىشتىن ئىبارەت، خالاس. روشەنكى، سوتلىنىشقا

تېگىشلىكى دەل سوت باشلىقى ئىدى. بىراق، ئۇ زىيادىكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزىنىڭ قولىدا تۇتۇپ تۇرماقتا ئىدى. ئىككى سوتچىنىڭ ئوبرازى چار پادىشاھ دەۋرىدىكى سوت ئورۇنلىرىنى تېخىمۇ زۇلمەتلىك تۇسكە كىرگۈزگەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى نەزەر دائىرىسى تار، پەس ئارزۇ ـ ھەۋەستىكى چاكىنىلاردىن ئىبارەت. مۇئاۋىن تەپتىش بىرېۋې تازىمۇ بىر بۇزۇق! سوت ئېچىلىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى، ئۇ ماسلوۋا تۇرغان ھېلىقى پاھىشىخانىدا بىر كېچىنى ئۆتكۈزگەنىدى. ئۇ ماسلوۋا دېلوسىغا دائىر ماتېرىياللارنى كۆرۈشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي، سوتتا ئەيىبلىگۈچىلەر قاتارىدا ئولتۇراتتى. يازغۇچى غەزەپ بىلەن مەسخىرە قىلىپ: بۇ ئەيىبلەخ «داغدۇغىلىق بىرەر ئىش قىلىشنى قارار قىلغانىدى، شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى ئۆزى ئەيىبلىگەن ھەربىر دېلودا جازا ھۆكۈم قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى». مانا بۇ خەلقنىڭ ئۆلەر ـ تىرىلىشى بىلەن پۈتۈنلەي كارى بولمايدىغان، پۈتۈن نىيىتى بىلەن يۇقىرىغا يامىشىشنىلا ئويلايدىغان ئەكسىيەتچىل ئەمەلداردۇر.

تولستوينىڭ تەنقىدىنىڭ چوڭقۇرلۇقى شۇ يەردىكى، ئۇ ئايرىم ئۇۋال قىلىنغان دېلولارنى پاش قىلىش بىلەنلا توختاپ قالمىغان، بەلكى زور مىقداردىكى تەپسىلاتلار تەسۋىرى ئارقىلىق ئىنتايىن مۇھىم بىر يەكۈنگە

ئېرىشكەن: «مەسىلە قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ ياخشى بولماسلىقىدا ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى قانۇننىڭ ئۆزى ياخشى ئەمەس. بارلىق جىنايەتلەر دەل قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن يۈز بەرگەن.» «قانۇن؟ ئۇ ھەربىر ئادەمنى بۇلاپ، ھەممىنى ئىگىلىۋېلىپ، ئۆزى بەھرىمەن بولىدۇ، ئۆزىگە قارشى تۇرغان ھەممە ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن قانۇن تۈزۈپ چىقىپ ئادەملەرنى بۇلاش ۋە ئۆلتۈرۈش قىلمىشلىرىنى مەنئى قىلىدۇ.» شۇڭلاشقا، نېخليۇدوف مۇنداق دەيدۇ: «قانۇن، مېنىڭ قارىشىمچە، بىزنىڭ سىنىپىمىزغا پايدىلىق ھازىرقى تەرتىپلەرنى قوغدايدىغان نەمۇرىي قورالدىن باشقا نەرسە ئەمەس.» بۇ مۇلاھىزە جىددىي تۇرمۇش ھەقىقىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ يەردە، تولستوي گەپنى قانۇننىڭ سىنىپىي ماھىيىتىگە تەگكۈزىدۇ. بۇ — تولستوي رېئالىزمىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى نامايان قىلىدۇ.

تولستوي چار پادىشاھنىڭ سوت ۋە قانۇنلىرىنى ئىنكار قىلىپلا قالماستىن، چار پادىشاھنىڭ پۈتكۈل بيۇروكرات ئاپپاراتلىرىنى قامچىلايدۇ، نېخليۇدوفنىڭ ئەمەلىيىتى ئارقىلىق، رۇسىيىدىكى بىر قاتار ئوتتۇرا، يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسىنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ. مەسىلەن، مۇئاۋىن ئۆلكە

باشلىقى ماسلىننىكوف كىيىنىشكە ئېتىبار بېرىدىغان، ئاقپىشماق، خام سىمىز، كۆرۈنۈشتە سالاپەتلىك، ئەمەلىيەتتە ساختىپەز، ۋەھشىي، ئار ـ نومۇسنى بىلمەيدىغان چاكىنا ئادەم. يەنە مەسىلەن، گراف چارسكىي چار پادىشاھ ھۆكۈمىتىنىڭ دەم ئېلىشقا چىققان ۋەزىرى بولۇپ، يازغۇچى مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا ئۇنىڭ چىرىكلىكىنى، پارازىتلارچە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى يېزىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ قىرىق يىل داۋامىدا مەنسىپىنىڭ ئۆسۈش جەريانىنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ.

تولستوينىڭ «تىرىلىش» تا، ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى دىنىي جەمئىيەتلەرنى پاش قىلىشىمۇ، ئوخشاشلا چوڭقۇر. بۇ، يازغۇچىنىڭ دىنىي مۇراسىم، روھانىيلار پائالىيەتلىرىنىڭ ماھىيىتى، دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن چار پادىشاھ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىقلار ھەققىدىكى تەسۋىر ۋە مۇلاھىزىلىرىدە تولۇق گەۋدىلەنگەن.

تولستوي ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمران سىنىپلارنى شەپقەتسىز مەسخىرە قىلىش بىلەن بىرلا ۋاقىتتا، ھېچنەرسىسى يوق قاقسەنەم ئەمگەكچى دېھقانلارنى سەمىمىي ھېسداشلىق بىلەن تەسۋىرلەيدۇ. بۇ — تولستوينىڭ رۇسىيە رېئاللىقىنى تەنقىد قىلىشىدىكى بىر نۇقتا، شۇنداقلا يازغۇچىنىڭ نېخليۇدوفتىكى روھىي ئۆزگىرىشنى

ئېچىپ بېرىشتىكى بىر خىل ئۇسۇلى. يازغۇچى رۇسىيە دېھقانلىرىنىڭ يوقسۇللۇق گىردابىغا چۈشۈپ قېلىشىدىكى دەسلەپكى سەۋەبلەرنى نېخلىيۇدوفنىڭ ئاغزىدىن مۇنداق بايان قىلىدۇ: «نامراتلىقنىڭ سەۋەبى كۆندۈزدەك روشەن، ئۇ بولسىمۇ ئۇلار تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان يەرنى پومېشچىكلار تارتىۋالغان.» شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ: «خۇددى ھاۋا ۋە قۇياش نۇرىنى خۇسۇسىي مال- مۈلۈك قىلىۋالغىلى بولمىغانغا ئوخشاش، يەرنىمۇ خۇسۇسىي مال- مۈلۈك قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ، ئېلىم- سېتىم ئىشلىرىنىڭ ئوبيېكتى قىلىۋېلىشقىمۇ بولمايدۇ» دەيدۇ.

تولستوي «تىرىلىش» تا تەسۋىرلىگەن رۇسىيە گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۈك، ياخشىلىق بىلەن رەزىللىك، ھەق بىلەن ناھەق پۈتۈنلەي ئاستىن- ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن رۇسىيە بولۇپ، مۇشۇنداق بىر دۆلەتتە جىنايەتچى سوتچى بولۇپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنى سوتلايدۇ، ئالدامچى پوپلۇق قىلىدۇ، دىنىي جەمئىيەت جىنايەتچىنى ئاقلايدۇ، ئەمگەكچىلەر ئاچ- يالىڭاچلىقنىڭ ئازابىنى تارتسا، قان شورىغۇچ پارازىت قۇرتلار سەمرىپ تىقىلىپ كېتىدۇ. ھالبۇكى، رۇسىيىنىڭ دۆلەت ماشىنىسى دەل مۇشۇنداق ئادەمخور تەرتىپنى قوغداشنىڭ قورالى ئىدى.

تولستوي «تىرىلىش»تا، نېخلىيۇدوف ۋە ماسلوۋادىن ئىبارەت ئىككى ئوبرازنى بىرقەدەر مەركەزلىك ھالدا

سۈرەتلەپ بەرگەن. تولستوي مۇشۇ ئىككى ئوبراز ۋە باشقا ئوبرازلار ئارقىلىق 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى رۇسىيە تۇرمۇشىنىڭ كەڭ كارتىنىلىرىنى تەسۋىرلىگەن ھەمدە مۇشۇ كەڭ كارتىنىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ تۇرۇپ، نېخليۇدوف ۋە ماسلوۋانىڭ ئوبرازىنى نامايان قىلغان.

نېخليۇدوف ئوبرازى يازغۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالىنىڭ تەركىبلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. بىراق، بۇ ئوبرازنىڭ يازغۇچىنىڭ باشقا ئەسەرلىرىدىكى تەرجىمىھال خاراكتېرىدىكى پېرسوناژلار بىلەن ئوخشاشلىق تەرەپلىرى بولسىمۇ، ئۇلار بىلەن ماھىيەت جەھەتتىن ئوخشاشمايدىغان تەرەپلىرىمۇ بار. 50 ـ يىللاردىكى تەرجىمىھال خاراكتېرىنى ئالغان تىرىلوگىيىسىدىكى نىكولىنكا، 60 ـ يىللاردا يېزىلغان «كازاك» تىكى ئولېنىن، «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» تىكى پيېئىر ۋە 70 ـ يىللاردا يېزىلغان «ئاننا كارېنىنا» دىكى رېۋىن قاتارلىق ئوبرازلاردا يازغۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالىنىڭ ئامىللىرى بار بولۇپ، بۇ پېرسوناژلار مەنىۋى جەھەتتە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىشقا ئادەتلەنگەن. بىراق، ھېچقايسىسى ئاقسۆڭەكلەر سىنىپى ئىدىيىسىنىڭ دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتەلمىگەن، لېكىن، نېخليۇدوف ئاقسۆڭەكلەر ئىدىيىسىنىڭ چەكلىمىسىدىن بىرقەدەر زور دەرىجىدە

ھالقىپ ئۆتۈپ، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ رەزىللىكلىرىنى ئە-يىبلەش، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئەنئەنىۋى قاراشلىرىنى ئاش-كارىلاش، ئاقسۆڭەكلەر ئىمتىيازىدىن ۋاز كېچىش، ھەتتا ئاقسۆڭەكلەر بىلەن ئادا-جۇدا بولۇش دەرىجىسىگە بې-رىپ يېتىدۇ. بۇ ھال تولستوينىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى ئىزدىنىشىنىڭ بىر يېپيېڭى باسقۇچقا يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭلاشقا، نېخليۇدوفتىن ئىبارەت بۇ تىپىك تەنقىدىي كۈچ يازغۇچى بۇرۇن ياراتقان ھەر-قانداق ئوبرازدىن تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ قۇدرەتلىك.

پاك، ئالىيجاناب نېخليۇدوف ئاقسۆڭەكلەرنىڭ تۇر-مۇش چەمبىرىكىدە كىشىلەرنىڭ مەسخىرە قىلىدىغان ئوبيېكتى بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، نېخليۇدوف جىددىي مەسىلىلەر توغرىسىدا گەپ ئاچقاندا، كىشىلەر ئۇنى بىدئەتلىك يولىغا كىرىپ قاپتۇ، گەپ-سۆزلىرى بى-مەنە، كۈلكىلىك ئىكەن، دەپ قارايدۇ. ئۇ ئەسكىلىشىپ، قۇرۇق سۆلەت بەگزادىلەردەك بەتخەجلىك قىلىپ بۇ-زۇپ-چاچقان، ئاياللار بىلەن ئوينىغان چاغلىرىدا بولسا، كىشىلەر ئۇنى ئەكسىچە لاتاپەتلىك-سىپايە ئادەم دەپ ماختاپ، ئۇنىڭغا بەزى سوۋغاتلارنى تەقدىم قىلىدۇ. دەل مانا مۇشۇنداق ئاقسۆڭەكلەرچە تۇرمۇش ئۇنى سىپى ئۆ-زىدىن قۇرۇق سۆلەت بەگزادىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئۇ-نىڭ كاتيۇشانى ئازدۇرغان قىلمىشى ئۇنىڭ ئاللىقاچان

بىر چاكىنا ئاقسۆڭەك بايۋەچچىگە ئايلىنىپ كەتكەنلى-
كىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ جىنايى قىلمىشى
ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىنىڭ ئەمگەكچى خەلقنى ئالدايدى-
غان، ئاياغ ئاستى قىلىدىغان جىنايى قىلمىشلىرىنىڭ
بىر خىل تىپىك ئىپادىسى. تولستوي نېخلىيۇدوف خا-
راكتېرىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى سىنىپىي سەۋەبنى
ئوبيېكتىپ جەھەتتە بىرقەدەر چىنلىق بىلەن ئېچىپ
بەرگەن.

نېخلىيۇدوفنىڭ «تىرىلىش» ى ماسلوۋا بىلەن سوتتا
قايتا ئۇچرىشىشى بىلەن باشلانغان. نېخلىيۇدوفنىڭ مە-
نىۋى جەھەتتە ئۆزگىرىشى، يەنى «تىرىلىش» نى ئۇنىڭ
ياش ـ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە دېموكراتىزم ۋە ئىنسانپەر-
ۋەرلىكنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى ۋە كىشىلەرگە
بولغان ياخشى نىيىتىنىڭ تېخى قەلبىدىن پۈتۈنلەي
ئۆچۈپ كەتمىگەنلىكى ھەمدە مەنىۋى جەھەتتە ئىزدىنىش
ئېلىپ بارىدىغان ئىدىيىۋى خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكى
بەلگىلىگەن. رۇسىيىدىكى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ
جىنايىتى ــ نېخلىيۇدوفنىڭ مەنىۋى جەھەتتە «تىرى-
لىش» ىگە تۈرتكە بولغان تاشقى شەرت ـ شارائىت.
ماسلوۋا تارتقان ئۇۋالچىلىق ئۇنى زىلزىلىگە سېلىپ،
ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆكۈنۈش تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ. ئۇ
ماسلوۋا ئۈچۈن ھەر تەرەپكە چېپىپ يۈرۈش جەريانىدا

نۇرغۇن ئىشلارنى ئاڭلايدۇ، كۆرىدۇ، ئۆز بېشىدىن كە-چۈرىدۇ. چار پادىشاھ ئەمەلدارلىرىنىڭ چىرىكلىشىشى، بيۇروكرات ئاپپاراتلارنىڭ ئەسكىلىكى، كەڭ ئاۋامنىڭ دەرد ـ ئازابى نېخليۇدوفنى ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىشكە، ئۆ-زىدىكى سىنىپىي بىر تەرەپلىمە قاراشلارنى ئۈزلۈكسىز يېڭىشكە ئۈندەپ، چار پادىشاھنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆ-كۈمرانلىقىغا بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاق-سۆڭەكلەر سىنىپىنىڭ سىياسىي ھۆكۈمرانلىقى، ئەخ-لاقىي قاراشلىرى ۋە پۈتكۈل ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىنى ئىنكار قىلىش دەرىجىسىگە ئېلىپ بارىدۇ.

تولستوي پسىخىكىلىق تەسۋىرلەشنىڭ پىرى. ئۇ نېخليۇدوفنىڭ مەنىۋى جەھەتتە ئىزدىنىش جەريانىنى تەپسىلىي تەسۋىرلەپ، ئۇنىڭ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ بىر تە-رەپلىمە قاراشلىرىنى يېڭىشتىكى مۇرەككەپ ئىچكى پائالىيەتلىرىنى چوڭقۇر كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۆزئارا زىددىيەتلىك ھەر خىل ئوي ـ پىكىرلەر ئۇنىڭ كاللى-سىنى چۇلغىۋالىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى ئۈچۈن ئىزا تارتىپ پۇشايمان قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ «قۇربان بېرىش روھى» دىن كۆڭلىدە ھۇزۇرلىنىپ، ئۆزىنى «ئالىيجاناب» ۋە «ئاق كۆڭۈل» ھېسابلايدۇ. ئۇنىڭ ئۆز گۇناھىنى يۇيۇش مۇددىئاسى ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن چوت سوقۇشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان.

ئۇ ئۆزىنى قۇربان قىلىش چارىسى ئارقىلىق ئۆز كۆڭ-
لىنى ئارام تاپقۇزۇش كويىدا بولىدۇ. ئاق سۆڭەكلەر
سىنىپىنىڭ چوڭقۇر زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان ماسلوۋا
نېخليۇدوفنىڭ بۇ خىل ئاقسۆڭەك غوجاملارغا خاس
روھىي ھالىتىنى سەزگۈرلۈك بىلەن كۆزىتىدۇ. ئۇ
نېخليۇدوفنى غەزەپ بىلەن ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: «سىز
مەن ئارقىلىق ئۆزىڭىزنى قۇتقۇزماقچى بولۇۋاتام-
سىز؟ ... بۇ دۇنيالىقتا مەندىن پايدىلىنىپ كۆڭلىڭىزنى
ئاچقىنىڭىز ئاز كېلىپ، ئەمدى ئۇ دۇنياغا بارغاندا
جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن مەندىن داۋاملىق پايدىلانماقچى
بولۇۋاتامسىز؟ سىزنى، سىزنىڭ ئاشۇ كۆزەينىكىڭىزنى،
ئاشۇ گۆشلۈك ئىپلاس يۈزىڭىزنى ئەمدى كۆرەر كۆزۈم
يوق!»

نېخليۇدوف گەرچە چار پادىشاھ ھۆكۈمرانلىقىنى،
ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىنىڭ ئەخلاق پرىنسىپى ۋە تۇرمۇش
ئۇسۇلىنى تەنقىد قىلىپ، خەلققە بولغان ھېسداشلىقى-
نى ئىپادىلىگەن، خەلقنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش ئارزۇ-
سى ۋە ھەرىكىتىدە بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ باش-
تىن - ئاياغ خەلق تەرەپتە تۇرغىنى يوق. ئۇ ئەڭ ئاخىردا
دىنىي ئەخلاقتىن چىقىش يولى ئىزدەپ، رەزىللىك - يا-
مانلىققا زورلۇق كۈچ بىلەن قارشى تۇرماسلىق ۋە
ئەخلاقىي جەھەتتە ئۆزىنى ئۆزى مۇكەممەللەشتۈرۈش

پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىدۇ. نېخلىيۇدوفنىڭ مەنىۋى جە-
ھەتتىكى تەرەققىياتى تەبىئىي يوسۇندا تولستوينىڭ
كاللىسىدىكى ئىدىيىۋى زىددىيەتلەر بىلەن مۇناسىۋەت-
لىك. بىراق، نېخلىيۇدوفنىڭ دىنغا يۈزلىنىشىمۇ ئەينى
چاغدىكى ئاقسۆڭەكلەر سىنىپى ئىچىدىكى ئىلغار ئۇز-
سۇرلارنىڭ بىر خىل يۈزلىنىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ
بەردى، بۇ ئالاھىدە تىپىك ئوبرازنىڭ ئەھمىيىتى دەل
مۇشۇ يەردە.

ئايال باش قەھرىمان ماسلوۋانىڭ ئوبرازى «تىرىد-
لىش» تا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ پومېشچىك ئائىلى-
سىدە ھەم دېدەك، ھەم ئاسراندى خېنىم بولىدۇ. ماس-
لوۋانىڭ ئىدىيىۋى خاراكتېرى ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئىج-
تىمائىي ئورنىنى ۋە تۇرمۇش سەرگۈزەشتىسىنى ئەكس
ئەتتۈرىدۇ، شۇنداقلا ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۇنىڭ كې-
يىنكى تۇرمۇش يولىنى بەلگىلەيدۇ. ماسلوۋانىڭ تەقدى-
رى نەچچە مىليونلىغان ئەمگەكچى خوتۇن - قىزلارنىڭ
ئېچىنىشلىق تەقدىرىنىڭ تىپىك ھالدا يىغىنچاقلىنى-
شى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئوبراز قۇدرەتلىك تەنقىدىي
كۈچكە ئىگە. كاتيۇشا ئەسلىدە پاك، گۈزەل، ئەمگەكچان،
ئاق كۆڭۈل قىز ئىدى، باشقىلارغا بالىلارچە تۈيغۇ بىلەن
ئىشىنەتتى. مۇشۇنداق ياخشى، گۈزەل قىزچاق ئىنسان
قېلىپىدىن چىققان ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى يېتىپ ئاشقۇچە

تارتىپ، ئىچىنىشلىق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. مانا بۇ ئەھۋال كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھېسداشلىقىنى، كاتيۇشانى نابۇت قىلغان ئاشۇ زۇلمەتلىك جەمئىيەتكە بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىنى قوزغايدۇ.

يازغۇچى كاتيۇشانىڭ مەنىۋىيىتىدىكى ئۆزگىرىشنى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ جىنايىتى بىلەن باغلايدۇ. كاتيۇشا ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك سەرگۈزەشتىلىرىدىن مۆتىۋەرلەر بىلەن جاپاكەش يوقسۇللار ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇقارشىلىقنى تونۇپ يېتىدۇ. پومېشچىكلار سىنىپى ئۆز بېشىغا كەلتۈرگەن ھاقارەت ۋە خورلۇقتىن تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى، دىنىنىڭ ئالدامچىلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ. يازغۇچى مەسخىرە ئۇسلۇبىدا كاتيۇشانىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىنىڭ ئىجتىمائىي سەۋەبلىرىنى ئېچىپ تاشلايدۇ.

يازغۇچى جاپا ـ مۇشەققەتلىك ئورۇندا تۇرۇۋاتقان ماسلوۋانىڭ زىددىيەتلىك پسىخىك ئالاھىدىلىكىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەرگەن. ماسلوۋا ئۆزىنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبىتىنىڭ ئىجتىمائىي مەنبەسىنى چۈشىنەلمەيتتى. ئۇ ئالداش، زورلۇق كۈچ ۋە پۇل قاتارلىق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئۆزىنى قولغا كەلتۈرگەن ئەرلەرگە ئۆچمەنلىك نەزەرى بىلەن قارايتتى. ھاراق ئارقىلىق ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىپ، ئۆزىنى مەست قىلاتتى. ھالبۇكى، مۇشۇنداق

ئىچىنىشلىق ئەھۋالدا تۇرۇپمۇ، ئۇنىڭ ئۆزىدىكى ئەمەلگەكچى ئايالىلارغا خاس ئىسىل پەزىلىتى يەنىلا گەۋدىلىك ھالدا نامايان قىلىنغان. ئۇنىڭ ناھەقچىلىققا ئاقلانمىغان تۇرۇقلۇقمۇ، ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ بالاغا يولۇققان قېرىنداشلىرىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن سەممىمىي ياردەم قىلىدۇ.

تولستوينىڭ ماسلوۋانىڭ روھىي جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلىرى ھەققىدىكى تەسۋىرلىرى ئۇنىڭ رېئالىزملىق ئۇسلۇبىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلىپ بەرگەن. قانداق بىر كۈچ ماسلوۋانىڭ تۇرمۇشقا بولغان ئىشەنچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇنى «تىرىلدۈردى؟» تولستوي بۇ جەھەتتە، ئاساسلىق قىلىپ مۇنداق ئىككى سەۋەبنى يازغان. بىرى، نېخليۇدوفنىڭ ھەقىقىي — سەممىمىي تەسىرلەندۈرۈشى، يەنە بىرى، سىياسىي مەھبۇسلارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تەسىرى. ئەلۋەتتە، ماسلوۋانىڭ كونىلىقنى تاشلاپ، يېڭىلىققا ئىنتىلىشتىكى تىرىشچانلىقىمۇ بار. ئەسەر شۇنى ئىپادىلەپ بەردىكى، ماسلوۋانىڭ سىياسىي مەھبۇسلار قوشۇنىغا يۆتكىلىشى ئۇنىڭغا نۇرغۇنلىغان سىياسىي مەھبۇسلارنى تونۇتتى، بۇ سىياسىي مەھبۇسلار ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسەتتى. سىياسىي مەھبۇسلارنىڭ ئۆزىنى قۇربان قىلىش ھېسابىغا

باشقىلارنى قۇتقۇزۇشتەك ئالىيجاناب پەزىلىتى ئۇنى رىغبەتلەندۈردى، ئۇنىڭغا يورۇقلۇقنى كۆرسەتتى، ئۆزد-نىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە تۈرتكە بولدى. تولستوينىڭ ئەمگەكچى خەلقنى چوڭقۇر چۈشىنىشى ۋە ئۇلارغا بولغان ھەقىقىي ھېسداشلىقى كاتيۇشا ئوبرازىدا ئىنتايىن روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

«تىرىلىش» — روشەن بەدىئىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەسەر. بۇ مۇنداق ئۈچ جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچىد-دىن، ئۇنىڭدىكى تەنقىدلەر ناھايىتى چوڭقۇر. ئەسەردىكى تەنقىد «بارلىق نىقابلارنى يىرتىپ تاشلاش» دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىدۇ. تەنقىدنىڭ كەڭلىكى، چوڭقۇرلۇقى ۋە كۈچى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، رۇسىيە ئەدەبىيات تارىخىدا ئاز كۆرۈلىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭدىكى مەسخىرىلەر ئاچچىق ۋە ئۆتكۈر. «تىرىلىش» تا مەسخىرە ماھارىتى گەۋدىلىك ئورۇن ئىگىلەيدۇ، بارلىق سەلبىي پېرسوناژلار رەھىم-سىزلەرچە مەسخىرە قىلىنىدۇ. تولستوي «تىرىلىش» تا ئىپادىلىگەن مەسخىرىسىدە، ئادەتتە، مۇبالىغىلەشتۈرۈش ماھارىتىنى قوللانمايدۇ، ئۇنىڭ تەسۋىرلەش ئوبيېكتىنى بىۋاسىتە مەسخىرە قىلىشمۇ ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. ئۇ ئاساسلىقى مەسخىرە قىلىش ئەھمىيىتىگە پېرسوناژلار، ۋەقەلەر ۋە سورۇنلارنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق مەسخىرە

قىلىش مەقسىتىگە يېتىدۇ. مەسىلەن، گىراف چارىس-
كىيناڭ كىشىلىك ھايات قارىشى ۋە مەنىسىپىنىڭ ئۆ-
سۈش جەريانىنى تەسۋىرلىشى بۇنىڭ بىر مىسالىدۇر.
بۇنداق بىلىندۈرمەي، مەسخىرىگە ئوخشاتماي مەسخىرە
قىلىش بىر خىل قۇدرەتلىك، ھالاك قىلىش خاراك-
تېرلىك مەسخىرىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا مەسخىرىلەر،
مەسىلەن، يازغۇچىنىڭ مۇلاھىزىلەردە مەسخىرە قىلى-
شى، مەسخىرە تۈسىنى ئالغان تەپسىلاتنى قىستۇرۇپ
بايان قىلىش قاتارلىقلارمۇ «تىرىلىش» تىكى مەسخىرە
ماھارىتىدىن ئىبارەت.

ئۈچىنچىدىن، ئۇنىڭدىكى پسىخىك تەسۋىرلەر كارا-
مەت ئۇبدان بېرىلگەن. تولستوي پېرسوناژلارنىڭ پسى-
خىك پائالىيەتلىرىنى تەسۋىرلەشتە، ئاساسلىقى ئىچكى
مونولوگ ئۇسۇلىنى قوللانغان. بۇنىڭدىن باشقا ھەر
خىل ئۇسۇللارنىمۇ قوللانغان. مەسىلەن، پېرسوناژلارنىڭ
كۆز نۇرى، چىرايى، ھەرىكىتى، جىمجىت ھالىتى قا-
تارلىقلارنى تەسۋىرلىگەندە ئاشۇنداق ئۇسۇللارنى قوللان-
غان، ئالايلۇق، نېخليۇدوفنىڭ يېزىنى ئۇنىڭ مال-
مۈلۈكلىرىنى دېھقانلارغا بېرىۋەتمەكچى بولغانلىقىنى
ئاڭلاپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئازراق مال-مۈلۈككە
ئېرىشىشنى ئويلاپ خوتۇنىنى ئۇنىڭ قېشىغا ئەۋەتىدۇ.
بىراق، نېخليۇدوفنىڭ ئاچىسى بولسا، ئىلغار ئاقسۆڭەك

ئايال ئىدى، ئۇ ئىنىسىنى كۆرۈپ ئۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمايدۇ. يازغۇچى ئاچا ـ ئىنى ئىككىيلەننىڭ پسىخىك ھالىتىنى مۇنداق يازىدۇ: «دېيىشىدىغان گەپلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى، بىراق، ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى ھېچنې-مىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتى، ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى بىر نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى: «دېيىشكە تېگىشلىك گەپلەر دېيىلمىدى». يەنە ئالايلۇق، نېخليۇ-دوف دوختۇرخانىدا دوختۇرنىڭ تۆھمەت قىلىشىغا ئۇچ-رىغان ماسلوۋاغا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار سىزنى نەگە ئې-لىپ كەتسە، مەنمۇ شۇ يەرگە بارىمەن»، «بۇنداق قىلى-شىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى ماسلوۋا ۋە كېيىنى دەرھال توختىتىۋالدى، بىراق، ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا يورۇپ كەتتى»، «دەرھال توختىتىۋالدى...»، «ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا يورۇپ كەتتى» دېگەن سۆزلەر ماسلو-ۋانىڭ كۆرۈنۈشتە بىلدۈرمىسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە ئىنتايىن خۇش بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## ئىجادىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى

«تىرىلىش» تولستوينىڭ 1889 — 1899 ـ يىللىرى يازغان ئەسىرى. تولستوينىڭ نۇرغۇنلىغان ئەسەرلىرى ھەقىقىي تۇرمۇشنى ئاساس قىلغان، «تىرىلىش» مۇ ھەم

شۇنداق.

1887 ـ يىلى 6 ـ ئايدا پېتربۇرگ رايونلۇق سوت مەھكىمىسىنىڭ تەپتىش ئەمەلدارى كورنى تولستوينىڭ قورۇقىغا مېھمان بولغىلى بېرىپ، ئۆزى بىۋاسىتە يولۇقتۇرغان بىر دېلونى تولستويغا سۆزلەپ بېرىدۇ: روزالى. ئۇنى ئىسىملىك بىر پاھىشە هاراق ئىچىپ مەست بولۇپ قالغان بىر پاھىشىۋازنىڭ يۈز روبلى پۇلىنى ئوغرىلىدى، دەپ ئەيىبلىنىپ، تۆت ئايلىق قاماققا ھۆكۈم قىلىنىپتۇ. زاسېداتېللار ئارىسىدىكى يۇقىرى تەبىقىگە مەنسۇپ بىر نەپەر ياش مەزكۇر جاۋابكارنىڭ دەل پېتربۇرگتىكى باي ئايال تۇغقىنىنىڭ ھەشەمەتلىك ئۆيىدە مېھمان بولغان ۋاقتىدا، ئۆزى ئازدۇرۇپ نومۇسىغا تەگكەن ھېلىقى ئون ئالتە ياشلىق ئاسراندى قىزنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى سېزىپ قاپتۇ. ئەينى چاغدا، ئۇ قىز ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىقتىن ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىلغان، تۇغقان بالىسىنى يېتىم بوۋاقلار ئۆيىگە ئاپىرىپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇ پاھىشە ئايالغا ئايلىنىپ قالغان ئىكەن. بۇ ياش ۋىجدان ئازابى تارتىپ، بارلىق چارە ـ ئاماللار بىلەن بۇ جىنايەتكار قىز بىلەن ئۇچرىشىپتۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن تۇرمۇش قۇرۇش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپتۇ، كېيىن روزالى بەختكە قارشى تۈرمىدە ئەسۋىگە گىرىپتار

بولۇپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ، ھېلىقى ياشنىڭ كېيىنكى ئا-قىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقى نامەلۇم ئىكەن. تولستوي بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ روزالىنىڭ ھېكايىسىگە ئىنتايىن قىزىقىپ قالىدۇ، شۈبھىسىزكى، بۇ ۋەقە ئۇنىڭ قەلبى-نى غايەت زور زىلزىلىگە سالغان ۋە ئۇنىڭغا ئىلھام بەخش ئەتكەنىدى.

دەسلەپتە، تولستوي بۇ ۋەقەلىكنى ئاساس قىلىپ ئۆكۈنۈش ئاساسي تېما قىلىنغان ئەخلاقىي تەربىيە توغرىسىدا بىر پوۋېست يازماقچى بولىدۇ. بىراق، ئون يىللىق ئىجادىيەت جەريانىدا، ئۇنىڭ كۆزقارىشىدا ناھا-يىتى زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ. ھېكايىنىڭ يېزى-لىشىنى تۇرمۇش چىنلىقىغا تېخىمۇ ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، تولستوي ئۆزى بىۋاسىتە بېرىپ سوت خىزمىتى ئۈستىدە چۈشەنچە ھاسىل قىلىدۇ. تۈرمىلەرنى زىيارەت قىلىدۇ، جىنايى ئىشلار قانۇنىنى تەتقىق قىلىدۇ، سۈرگۈن قىلىنغانلار تۇرمۇشىغا ئائىت نۇرغۇن كىتاب-لارنى ئوقۇيدۇ. ئون يىل ئىچىدە ئورىگىنالنى ئالتە قې-تىم ئۆزگەرتىدۇ. ئۈزلۈكسىز تۈزىتىش كىرگۈزىدۇ، ئا-ساسي ئىدىيىسىنى كېڭەيتىپ ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تەدرىجىي يوسۇندا ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى پاش قى-لىشقا بۇرايدۇ؛ بۇ ئەسەر ھەجىم جەھەتتىن تەدرىجىي كېڭىيىپ، پوۋېستتىن رومانغا، ئەڭ ئاخىردا كەڭ ھەم

چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەزمۇنغا ۋە روشەن تەنقىدىي تۈسكە ئىگە ئەسەرگە ئايلىنىدۇ.

ئۇ 1895 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىكى كۈندىلىك خاتىرىسىگە مۇنداق دەپ يازغانىدى: «ھېلىلا سەيلىگە چىقىپ، ‹تىرىلىش› ناملىق رومانىمنى يازالمايۋاتقانلىقىمدىكى سەۋەبنى بىردىنلا چۈشەندىم. بېشىنى يېزىشىم توغرا بولماپتۇ. مەن بۇ نۇقتىنى بالىلار ھېكايىسى — ‹كىمنىڭ توغرا› نى مۇلاھىزە قىلغان ۋاقتىمدا ئاندىن چۈشەندىم: شۇ چاغدىلا مەن بۇ ھېكايىدە ئىشنى دېھقانلار تۇرمۇشىنى يېزىشتىن باشلاش زۆرۈرلۈكىنى چۈشىنىۋالدىم، ئۇلارنىڭ نىشان، ئىجابىي تەرەپ، باشقىلارنىڭ بولسا پەقەت سايە، سەلبىي نەرسىلەردىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالدىم. ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، مەن ‹تىرىلىش› تىن ئىبارەت بۇ كىتاب ھەققىدىكى قائىدىلەرنىمۇ چۈشىنىۋالدىم.»

تولستوينىڭ «تىرىلىش» نى يېزىش جەريانى ئۇنىڭ رۇسىيە جەمئىيىتىنىڭ ماھىيىتىگە بولغان تونۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىش جەريانىدۇر. ئۇ رېئال تۇرمۇشنى كۆزىتىش، مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكەن چوڭقۇر چۈشەنچىلىرىنى ئۆز قەلىمى ئاستىدىكى تەسىرلىك بەدىئىي دۇنياغا سىڭدۈرۈۋەتكەن.

«تىرىلىش»تا تولستوي ئۆتكۈر قەلىمى ئارقىلىق

ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ ساختىلىقى ۋە ئالدامچىلىق قىلمىشلىرىنى پاش قىلغان. شۇڭلاشقا، كىتاب نەشر قىلىنىش ۋاقتىدا چار پادىشاھنىڭ تەكشۈرۈش ئورگانلىرى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى دىنىي جەمئىيەتلەر تەسۋىرلەنگەن ئوتتۇز توققۇزىنچى بابنى قىسقارتىپ «ئىبادەت باشلاندى» دېگەن ئىككى سۆزنىلا قالدۇرۇپ قويغان، قىرىقىنچى بابنىڭ ھەممىسىنى قىسقارتىۋەتكەن، چۈنكى بۇ ئىككى بابتا تولستوي ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى دىنىي جەمئىيەتلەر چار پادىشاھنىڭ مۇستەبىتلىك تۈزۈمىنىڭ قولچومىقى دەپ كۈچلۈك ھۇجۇم قىلغان.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئىنكارچىلىق ھەرىكىتى رۇسىيىدىكى تەشۋىقات ۋە ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرنىڭ مەركىزىگە ئايلانغانىدى. ئۇ چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك پەلسەپىسىنىڭ چىقىش نۇقتىسى بولۇپ، دۆلەت، دىنىي جەمئىيەت ۋە ئۇرۇقداشلىقنىڭ مەجبۇرىيەتنى شەخسلەرگە تېڭىش ھوقۇقى يوق، دەپ قارايدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ، ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچىلارنىڭ ھەرىكىتىگە ئايلىنىپ، ئەر ـ ئاياللار باراۋەر بولۇش، يانچىلارنى ئازاد قىلىش، ئاساسىي قانۇنلۇق ھۆكۈمەت قۇرۇشنى ئاساسلىق نىشان قىلغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ

ھەرىكەت ئېغىزدىكى تەشۋىقات ـ تەرغىباتتىن تېررور-لۇق، زورلۇق كۆچكە ئايلىنىپ، كۆپ قېتىملىق ئىش تاشلاش، مەخپىي سۇيىقەست قىلىش ۋە قوزغىلاڭ كۆ-تۈرۈشكە سەۋەب بولۇپ، ئەڭ ئاخىردا ئىنقىلاب پارتلىدى. ئالېكساندىر II 1861 ـ يىلى يانچىلارنى ئازاد قىلىش بۇي-رۇقى چۈشۈرۈشكە مەجبۇر بولدى، يانچىلارنى ئازاد قى-لىش ئىقتىسادىي جەھەتتە ساقلانغىلى بولمايدىغان قا-لايمىقانچىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى، ۋەيران بولغان ئاق-سۆڭەكلەر يەر ئىجارىسىنى جېنىنىڭ بارىچە ئۆستۈردى، زور تۈركۈمدىكى دېھقانلار مائاشى تۆۋەن زاۋۇتلارغا ئې-قىپ كىردى، تېرىلغۇ يەرلەر كۆنسېرى ئازىيىپ، ئا-چارچىلىق ۋە نامراتلىق بۇرۇنقىدىنمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى. ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر ۋە پارتىزانلىق ئۇرۇشلى-رى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، يەنە بىر قېتىملىق قوز-غىلاڭدا ئالېكساندىر II سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلدى، 1881 ـ يىلدىن 1904 ـ يىلغىچە بارلىق ئىسلاھاتلارنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى جاكارلاندى.

«تىرىلىش» مانا مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا، چار پادىشاھ دەۋرىدىكى رۇسىيە جەمئىيىتىنى مىسلى-سىز چوڭقۇر پاش قىلدى ۋە مىسلىسىز ئۆتكۈر تەنقىد قىلدى؛ رۇسىيىدىكى مىليونلىغان دېھقانلارنىڭ مۇس-تەبىت ھۆكۈمەت ۋە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى دىنىي

جەمئىيەتلەر ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، پو-مېشچىكلار سىنىپى ۋە كاپىتالىزمنى يوقىتىشتىكى كۈچلۈك ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈردى.

## پېرسوناژلارنى تونۇشتۇرۇش

ماسلوۋا: تولۇق ئىسمى كاتيۇشا ماسلوۋا بولۇپ، يانچىنىڭ نىكاھسىز تۇغۇلغان قىزى، ئۈچ يېشىدا يې-تىم بولۇپ قېلىپ بىر پومېشچىك موماي بېقىۋالغان، ئۇ ھەم دېدەك، ھەم ئاسراندى قىز سالاھىيىتىگە ئىگە ئىدى. كېيىن گۈزەل ھەم پاك - مەسۇم بولغانلىقى تۇ-پەيلىدىن ئاقسۆڭەك بايۋەچچە نېخليۇدوف تەرىپىدىن ئازدۇرۇلۇپ ئىپپەت - نومۇسىنى يوقاتقان ھەمدە تاشلى-ۋېتىلگەن، ئۇزۇن ئۆتمەيلا خوجايىن تەرىپىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان، ئۇ باشپاناھسىز قارا يېتىم بولۇپ قالغاز-لىقى سەۋەبلىك پاھىشە بولۇپ قالغان. شۇ سەۋەبتىن جەمئىيەتكە بولغان ئۆچمەنلىكى تولۇپ تاشقان. ئۇ پا-ھىشىخانىدا پاھىشە بولۇپ يۈرگەن يەتتىنچى يىلى «مال - مۈلۈكنى كۆزلەپ ئادەم ئۆلتۈرگەن» دەپ ئەيىب-لىنىپ، تۈرمىگە كىرگەن. سوتتا زاسېداتېل سالاھىيى-تىدە ئولتۇرغان نېخليۇدوف بىلەن يەنە بىر قېتىم ئۇچرىشىپ، بىرقانچە قېتىملىق كۆرۈشۈشتىن كېيىن

ئاخىر ئۇنىڭ سەمىمىي ئۆكۈنۈشىنى قوبۇل قىلىدۇ، لېكىن، ئۇنىڭ نىكاھلىنىش تەلىپىنى رەت قىلىدۇ، سىبىرىيىگە سۈرگۈن قىلىنىش سەپىرى ئۈستىدە، كەسكىنلىك بىلەن سىياسىي مەھبۇس سىمونسون بىلەن تەبىئىي قوشۇلۇپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تىرىلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ ۋە نېخلىيۇدوف قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان ئاتالمىش ئەركىنلىكىنى ئۇنىڭغا بېرىدۇ.

نېخلىيۇدوف: ئەسلىدە ئاق كۆڭۈل، غايىلىك، ھەققىي مۇھەببەتنى قوغلىشىدىغان ياش ئىدى. ئاقسۆڭەك ئائىلىسى ئۇنىڭدا خىلمۇخىل يامان ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈپ قويىدۇ، ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتى ۋە چاررۇسىيە ئارمىيىسىنىڭ شاللاق، چىرىك تۇرمۇش ئىستىلى ئۇنىڭ چۈشكۈنلىشىپ، يانچىنىڭ مەسۇم، پاك قىزى ماسلوۋانى ئالداپ ئىپپەت ـ نومۇسىغا تېگىش، يەنە ئۇنى تاشلىۋېتىشتەك كەچۈرگۈسىز ئىشلارنى قىلىپ قويۇشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. ئون يىلدىن كېيىن ئۇ سوتتىكى جاۋابكارنىڭ دەل ماسلوۋانىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى تونۇغىنىدا، ئۇنىڭ ئىچىنىشلىق كەچۈرمىشلىرىدىن چۆچۈپ چوڭقۇر ئۆكۈنۈشكە باشلايدۇ. ماسلوۋانى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھەر تەرەپكە قاتراپ ئاخىر مەغلۇپ بولغان ۋاقتىدا بولسا، قەتئىي يوسۇندا ئۇنى نىكاھىغا ئېلىش قارارىغا

كېلىدۇ ھەم ماسلوۋاغا ئەگىشىپ سۈرگۈنگە كېتىۋاتـ
قاندا، رەت قىلىنىپ يېرىم يولدىن قايتىپ كېلىدۇ.

## ئوقۇش ئەسكەرتمىسى ۋە مۇھىم نۇقتىلار

ئەسەرنى ئوقۇغان ۋاقىتتا، پېرسوناژلارنىڭ پسىخىك تەسۋىرى ۋە تاشقى قىياپەت تەسۋىرىگە دىققەت قىلىش لازىم. «تىرىلىش» تىن ئىبارەت بۇ باش تېمىدىن پايـ دىلىنىپ ئاپتورنىڭ نەپىس پسىخىك تەسۋىرىگە ئەگـ شىپ، پېرسوناژلارنىڭ ئەخلاق، ئىدىيىسىدىكى ئۆزگـ رىشلەرنىڭ تېگى-تەكتىگە يېتىشىمىز، شۇ ئارقىلىق بەزى پسىخىك تەسۋىر ماھارىتىدىن ئۆرنەك ئېلىشىمىز كېرەك. نېخليۇدوف ئوبرازىنى تەتقىق قىلىش ئاشۇ يىللاردىكى رۇسىيە تۇرمۇشىنى چۈشىنىشىمىزدە، تولستوينىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىجادىيەت ئىدىيىـ سى ۋە ئۇنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىشىمىزدە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەـ سەردە ئىخچام تىل ئارقىلىق باش قەھرىمان ماسلوۋانىڭ تاشقى قىياپىتى تەسۋىرلەنگەن، بۇمۇ بىزنىڭ ھۇزۇرلىـ نىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

ئەسەرنى ئوقۇغاندا، تولستوينىڭ يۇكسەك مەسخىرە سەنئىتىنى ئەستايىدىل ئۆزلەشتۈرۈشىمىز زۆرۈر. يازـ غۇچىنىڭ سوت ھەققىدىكى تەسۋىرىنىڭ قاتلاملىرى ناـ

هايىتى ئېنىق بولۇپ، ئۇنىڭدا نۇقتىدىن دائىرىگە ئۆ-تۈلگەن. ئالدى بىلەن ئەدلىيە خادىملىرى يېزىلغان، ئۇ-نىڭدىن كېيىن سوتلاش جەريانى ۋە ئاقىۋىتى يېزىلغان. تەسۋىرلەرنىڭ ھەممىسى مەسخىرىنى ئۆز ئىچىگە ئال-غان. بۇ خىل مەسخىرە، ئادەتتە، يازغۇچىنىڭ پېرسو-ناژلار ۋە سورۇنلار ھەققىدىكى تەسۋىرلىرىگە سىڭدۈرۈ-ۋېتىلگەن. مەسىلەن، قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، سوتچىلار سۈرلۈك، پاك، دۇرۇس ئادەملەردىن بولۇشى كېرەك ئىدى. ھالبۇكى، يازغۇچى قەلىمى ئاستىدىكى سوتچىلار بولسا، رەزىل، مۇدھىش ئەبلەخلەردىن ئىبارەت. تولستوي سوت-چىلارنىڭ رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسىنى بىر ـ بىرلەپ سۈرەتلەپ بەرگەن.

تولستوي تۈرمىدە ئۆتكۈزۈلگەن دىنىي مۇراسىمنى ئىنچىكە تەسۋىرلەپ بەرگەن. تولستوينىڭ قەلىمى ئاس-تىدا بۇ خىل «مۇقەددەس» دىنىي مۇراسىم ئادەم ئالداي-دىغان ئويۇنغا ئايلىنىپ قالغان. بۇنداق «مۇقەددەس» خەيرلىك ئىش ئىپلاس بىر جايدا ئېلىپ بېرىلغان ۋە چار پادىشاھ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمىتىنىڭ جىنايى قىلمىشىنى يوشۇرۇشنى مەقسەت قىلغان.

ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ روھانىيلىرىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش تولستوينىڭ دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ ئالدامچىلىقىنى ئېچىپ تاشلاشتىكى

يەنە بىر ئۇسۇلى. بۇ روھانىيلار ساۋاپلىق ئىشلارنى تەشەببۇس قىلىدىغان مۇقەددەس كىشىلەر ئەمەس، بەلكى بىر ئوچۇم نام ـ مەنپەئەت قوغلىشىدىغان ئۇنسۇرلاردىن، بىر ئوچۇم ئالدامچىلاردىن ئىبارەت. مەسىلەن، دىنىي كېڭەش باشلىقىنىڭ قارىشىچە، خەلقنىڭ دىنغا موھتاج بولۇشى خۇددى توخۇ باققۇچى تاپ بىلەن توخۇ بېقىشنىڭ زۆرۈرلۈكىگە ئىشەنگەندەكلا ئىش.

نېخليۇدوف ئەسلىدە قىزغىن، پاك ياش ئىدى. دەسلەپتە ئۇنىڭ ماسلوۋاغا بولغان مۇھەببىتى ھەقىقىي مۇھەببەت ئىدى، ئۇلار مۇھەببەتلەشكەن دەسلەپكى چاغلار گۈزەل چاغلار ئىدى. ئەسەردىكى يېڭى مۇھەببەتلىشىۋاتقان ئىككى ياشنىڭ غۇۋا، لېكىن گۈزەل ھېسسىياتلىرى تەسۋىرلەنگەن بىر ئابزاس گاھ كىشىگە ناھايىتى گۈزەل لىرىكىنى ئەسلەتسە، گاھ كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا گۈزەل بىر مەنزىرىنى نامايان قىلىپ، كىشىنىڭ قەلبىنى مەستخۇش قىلىدۇ.

سوتتىن قايتىپ كەلگەن دەقىقىدىن ئېتىبارەن نېخليۇدوفنىڭ كۆڭلى ئارام تاپمايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە قايتا ئويلىنىدۇ، ياش چاغلىرىدا ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى ئۇنى ئازابلايدۇ. ئۇ گۇناھىنى يۇيۇش قارارىغا كېلىدۇ، پۇل بىلەن ئەمەس، سۆيگۈ بىلەن، سەممىي ئۆكۈنۈش بىلەن ماسلوۋانىڭ كەچۈرۈشىگە

ئېرىشمەكچى بولىدۇ. ئۇنىڭ قەلبىدە يەنە بىر مەيدان «روھنى پاكلاش» كۈرىشى قانات يايىدۇ.

نېخليۇدوف ماسلوۋاغا ياردەم بەرمەكچى ۋە ئۇنىڭ قۇتقۇزماقچى بولغان ئۈچ ئايا ئىچىدە، زۇلمەتلىك جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ، بۇ ئىش شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنى بىر چوڭقۇر مەسىلە ــ قانداق قىلغاندا جەمئىيەتنىڭ مۇۋاپىق ۋە ئادىل بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. تولستوي ئەر باش قەھرىمانىنىڭ پىسخىك پائالىيەتلىرى ئارقىلىق چىرىك چار پادىشاھ ھاكىمىيىتىنى ئەيىبلەپ، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىققا بولغان چوڭقۇر دىققەت ـ ئېتىبارىنى ئىپادىلەيدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىرى: روشەنگۈل تۇرسۇن

گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرلىرى: ئازات بارات

ئېرجان تۆلەۋ

مەسئۇل كوررېكتورلىرى: مۇبارەك غاپپار

ھەبىبۇللا ئېلى

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەر: ياسىن ئۇبۇلقاسىم

تۇرغۇنجان سۇلتان



ISBN 7-80658-922-8

9 787806 589229 >

ISBN 7 - 80658 - 922 - 8

باھاسى: 7.50يۈەن